# ئاللاھ كۆرسەتكەن جىھات

ئۇدۇن نەشرىياتى



# ئاللاھ كۆرسەتكەن جىھات

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

ئۇدۇن نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز............ 5
جىھات............ 7
جىھات ھەققىدىكى بىر قىسىم ئايەتلەر............ 14
جىھات توغرىسىدىكى ھەدىس شەرىپلەر............ 17
جىھاتنىڭ ھۆكمى............ 31
ئىسلام دىنى ئۇمۇملاشقان چاغدىكى ھىجاز............ 32
ئۇ زاماندىكى دۇنيانىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى............ 35
قىيىن كۈنلەر............ 37
تاغۇتقا قارشى جىھات............ 39
ئۇرۇشتىكى غايىلەر............ 40
ھەرۋاقىت جىھاتقا تەييار تۇرۇش لازىم............ 45
جىھاتنىڭ تۈرلىرى............ 46
قۇراللىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھات............ 47
قۇراللىق جىھاتنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە............ 51
ئىقتىسات ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھات............ 52
بىلىم ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھات............ 55
قۇماندان............ 57

قۇماندانغا بوۇسۇنۇش.......... 62

ئۇرۇش جەريانىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھارام.......... 70

ئەسىرلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى.......... 71

ئىرقچىلىق.......... 75

ئۆز ئىرقى ۋە مىللىتىنى سۆيۈش.......... 81

ئىسلام دىنى بەزىلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك قىلىچ كۈچىگە تايىنىپ تارالمىغان.......... 83

زۇلۇمغا قارشى كۆرەشتە غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بىللە ھەركەت قىلىشنىڭ ھۆكمى.......... 85

ئۆزىنى پارتلىتىشنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى.......... 87

# كىرىش سۆز

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

پۈتۈن مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلغان،ۋەھىيلەر ئارقىلىق بىز ئىنسانلارنى بارلىقىدىن خەۋەردار قىلغان،شۇنداقلا يەر-يۈزىدە ئىنسانلارنى خوجايىن قىلىپ ھۆر ياشاشقا چاقىرىق قىلغۇچى بۈيۈك ئاللاھ تائالاغا تۈمەنمىڭلارچە مەدھىيەلەر بولسۇن! دۇنيانى باپ-باراۋەرلىك ۋە ئادالەت مەشئىلى بىلەن يورۇتۇش يۈزىسىدىن نۇرلۇق چىراق بولۇپ جەۋلان قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھى ئەلچى – پەيغەمبەر-رەسۇل ۋە ئۇلۇغ يول باشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)گە، ساھابە كىراملارغا ھەممە ئۇنىڭ تۇتقان يولىغا مۇستەھكەم ئەگەشكەن بارلىق ئىمانداشلارغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزدىنىشلىرىم نەتىجىسىدە توپلىغان جىھات ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر توپلىمى ئاساسىدا يېزىپ قالدۇرغان جاھات ۋە جاھانقا دائىر ماقالىلەر توپلىمىدۇر.ئوقۇرمەنلەرگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەپچە تېكىستى قالدۇرۇلۇپ پەقەت ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىلا بېرىلدى،شۇنداقلا ئايەتنىڭ سۈرە ۋە نومۇرى ،ھەدىسنىڭ بولسا مەنبەسى ئەسكەرتىلدى.قۇرئان كەرىمدىن ئايەتلەر ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس شەرىپلىرى بىلەن دەلىللەنگەن جاھات ئۇقۇمى چۈشەنچىمىزگە يېڭى پەنجىرىلەر ئاچقۇسى! ئاللاھ

كۆرسەتكەن جاھات ئۇقۇمنى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە كەڭ دائىرىلىك چۈشۈنۈپ ئېڭىمىزنى قۇرئان ۋە سۈننەت بويىچە شەكىللەندۈرسەك ھەم ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىمىز ھەمدە كۆزلىگەن مەنزىلىمىزگە يېقىنلىشىمىز.

بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمنىڭ يائۇنداق يا بۇنداق سەۋەنلىك،يېتەرسىزلىك،ھاتتا خاتالىقلاردىن خالى بولۇشى تەس،شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.

بۇ ئەسەرنىڭ رۇياپقا چىقىشىغا ئىلھام بولغان ئەينى چاغدىكى شەرقى تۈركىستاننىڭ خوتەن مەدرىسىلىرىدە مىڭلارچە تالىبۇلئىلىمگە ئەجىر سىڭدۈرگەن مەرھۇم ئۇستازلىرىم مەمەت ئابدۇللا مەخسۇم، شېھىت ئابدۇلئەھەت مەخسۇم ۋە رەھمەتلىك مەمەت ئېلى خەلپىتىملەرنى ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن ۋە روھىغا دۇئا قىلىمەن.

ھېبىتاخۇن مەمتىمىن

2018.يىلى 8.ئاينىڭ 10.كۈنى

# جىهات

ئىسلامىي ئاتالغۇلار ئىچىدە جىهاد سۆزىنى كۆپ ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىز جىهاد سۆزىنىڭ قانداق مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، دىنىمىزدىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى قانداقراق چۈشەندۇق؟
دەۋرىمىزدىلا ئەمەس ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ كۆپ سۇيئىستىمال قىلىنغان جىهاد ئۇقۇمى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ لوغەت مەنىسىدىن گەپ باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

جىهاد ئەرەپ تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، لوغەت مەنىسى- جاپا چېكىش، ئېنىرگىيە كۈچ سەرىپ قىلىش، تىرىشىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ شەرئى مەنىسى بولسا ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىش، ئۇنىڭ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىستىدات ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا پۇل-مېلىنى، ۋاقتىنى سەرىپ قىلىشى، ھەتتا يولى كەلگەندە جېنىنى قۇربان قىلىشى، يەر-يۈزىدە ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا مۇناسىپ ھايات كەچۈرىدىغانلارغا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلارنى يوق قىلىشقا غەيرەت كۆرسىتىش، ئەزگۈچى بۇرژۇئا سىنىپلارنىڭ زۇلۇم ئىستىلالىرىغا خاتىمە بېرىش، زېمىندا تىنچلىق بەرپە قىلىش، ئادالەتنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر

ئەرەپ تىلى ئىزاھلىق لوغەتلىرىدىنمۇ ئۇچرىتىشقا بولغىنىدەك جەھد – جىهاد (ئۇيغۇر تىلىمىزدا جاھات دەپ ئۇمۇملاشقان)كۈچ سەرىپ قىلىش، تىركىشىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش،كۆرەش قىلىش دېگەندەك ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. دىنى ئاتالغۇ نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «الجهاد فى سبيل الله» (ئاللاھ يولىدا جىهات قىلىش) بولسا ئاللاھ يولىدا

،ئاللاھنىڭ خۇرسەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈ كۆچ سەرىپ قىلىش،تىركىشىش، ،ئۇرۇنۇش،تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە كۆرەش قىلىش دېگەن مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە جىھات سۆزى تۈردەشلىرى - ۋارىيانتلىرى بىلەن قوشقاندا 41ئورۇندا،ئۇرۇش قىلىش مەنىسىدىكى ھەرب سۆزى 11 ئورۇندا،قىتال سۆزى 13 ئورۇندا ۋە قارمۇ – قارشى ئۇرۇشۇۇش مەنىسىدىكى مۇقاتەلە ئىبارىسى ۋاياتنلىرى بىلەن قوشقاندا 57 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەپلىرى ۋە ئەينى چاغدىكى ۋەقە- ھادىسىلەرگە بولغان قاراتمىلىقى ئاساسىدا ئۆزگىچە ئۇقۇملاردا ئىشلىتىلگەن.

مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى قولغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش رۇخسەت قىلىنىشتىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تېخى مەككىدىكى چاغدا نازىل بولغان ئايەتلەردىمۇ جاھات قىلىشقا ئۈندىگەن بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى،جاھات پەقەتلا دۈشمەنگە قارشى قولغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش ئەمەس بەلكى كەڭ دائىرلىك مەنىنى ئىپادىلەپ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئوخشىمىغان ۋاستىلار ئارقىلىق كۆرەش قىلىش، ئىلايى كەلىمەتۇللاھ ئۈچۈن جېنى، مېلى ۋە بارلىقىنى بېغىشلاپ، ھەرقانداق جاپانى چېكىش،تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئۇنىڭ ئالقىشى ئۈچۈنلا ھەقىقەت يولىدا كۆرەش قىلىش دېمەكتۇر.

ھايات بىر خىل ھەركەتتۇر. جىھاد بولسا ئاللاھ يولىدىكى ھەر تۈرلۈك پائالىيە ۋە ھەركەتنىڭ ئومۇمى نامىدۇر. بۇ ھەركەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا قولغا قۇرال ئېلىپ، ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى دىگەننى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا دادىللىق بىلەن قەيسرانە ئۇرۇش قىلىشمۇ جىھاتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر ئەلۋەتتە.

جىھات- ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىش،ئۇرۇنۇش،تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، زالىمغا قارشى تۇرۇش ، ئاجىز ۋە بىچارە ئاممىنى بۆزەك قىلغان مۇستەبىتلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى تارمار قىلىش، بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ۋە كائىناتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەلىۋى بولغان ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جېنى، مېلى ۋە بارلىقىنى بېغىشلاپ پىداكارلىق كۆرسىتىشتۇر، ئاللاھنىڭ ۋەھيى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە زىت ھەرقانداق كۈچ ۋە ھەرقانداق قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ،ئەزگۈچى كۈچلەرنىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىشىغا قەتئى قارشى تۇرۇپ ئۇنى تارمار قىلىپ تاشلاشتۇر جىھات. كائىناتتا ۋە جۈملىدىن يەر يۈزىدە يېگانە ھالداھاكىم مۇتلەقلىق ھوقۇقا ئىگە ئاللاھنىڭ ھۆر بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە قۇل، مالاي قىلىشقا ئۇرۇنغان مۇستەبىت تۈزۈم-تاغۇتلارغا خاتىمە بىرىپ، يەر يۈزىدە ئادالەتنى تىكلەش، باتىلغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ھەقىقەتنى قوللاشتۇر جىھات، قىسقىسى ئادالەتنىڭ مەنبەسى بولغان قۇرئانغا زىچ ئۇيۇشۇپ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىشتۇر جىھات،چوڭ مەنىدىن ئېيتقاندا جىھات ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئىمان – ئېتىقاتقا دەخلى – تەرۇز قىلىدىغان ھەرقانداق تۇسالغۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەپ تەرىپلىسەك تولۇق ئېنىقلىما بەرگەن بولىمىز جىھات ئۈچۈن.

## جىھاتنىڭ تۈرلىرى

جىھاتنى تۈرلەر بويىچە تۆۋەندىكى 4 خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. قورال-ياراق ئىشلىتىش ئارقىلىق بەدەن بىلەن.

2. ھەقنى ياقىلاپ قەلەم تەۋرىتىش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇپ سۆزلەش،زۇلۇمنى ۋە ناھەقچىلىكنى تەنقىت قىلىش،زالىمنىڭ زۇلمىنى پاش قىلىش ئارقىلىق.

3. يېزىق ،مېدىيا – ئاخبارات،ئۈن - سىن نەشرىياتچىلىق قاناللار بىلەن.

4 . جىھادقا يانىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتكە ئىقتىسات ۋە پۇل - مال ئىئانە قىلىش ئارقىلىق

.

## جىھاد قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان موھىم ۋەزىپىسى

## 1،قورال- ياراق ئىشلىتىش ئارقىلىق بەدەن بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھات

ئاللاھ تائال مەيلى قايسى مۇھىتتا ياكى قايسى شارائىتتا ياشىشىدىن قەتئىنەزەر جىھادنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرىز قىلغان. ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋە شەرەپلىك ئىبادەت دەپ كۆرسەتكەن. ئۆزىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدىغان بىردىن بىر يول دەپ تەكىتلىگەن، ئاللاھ تەئالا جىھاتنى ئۆزى ئاتا قىلغان تەبىئى ھەق- ھوقۇقتىن ئىبارەت ئەركىن

ياشاش ،ھۆر ئىرادىسىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يىگانە ئامىلى ئاخىرەتتە بولسا جەننەتتىكى ئەڭ ئۇلۇق ماقامغا مۇشەررەپ بولۇشنىڭ شەرتى قىلىپ بېكىتتەكەن. شۇڭا شېھىتلار، مۇجاھىدلار ۋە غازىلارنىڭ ئىرىشىدىغان ساۋابى غايەت زوردۇر. ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە باشقا ھەرقانداق ئەمەل ئىبادەت ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ. دىنىمىز ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئۇلارغا ئالاھىدە شېھىت، مۇجاھىد، غازى قاتارلىق ناملار بېرىلگەن. ھەممە ئۇلارنىڭ قۇربان بەرگەن ئىسسىق قانلىرى ۋەكۆرسەتكەن ھەرخىل ماددى، مەنىۋى تۆھپىلىرى بەدىلىگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇ ئاجىز قەلىمىمىز بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان پۈتمەس-تۈگىمەس مۇكاپاتلارنىڭ ھازىرلانغانلىقى بىشارەتلەنگەن. شېھىتلار دۇنيادىمۇ تا ئاداققىچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ چىن دىللىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھۆرمەت ۋە دۇئالىرى ئارقىلىق ياد ئېتىلىدۇ، شۇنداقلا شانلىق تارىختىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆكۈلگەن ئىسسىق قانلىرى دۇنيادا بولسا غەلبە نىشانى، ئاخىرەتتە بولسا نىجاتلىق بەلگۈسىدۇر. ئادەتتە ئاللاھ جىھادتىن قاچقانلارنى ئەڭ ئېغىر جازا بىلەن جازالاندۇرىدۇ. جىھادتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان، قورقۇنچاقلىق قىلغان توخۇ يۈرەكلەر بولسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ گۇناھكار مەخلۇقلاردۇر.

دىنىمىز ئىسلام ھەر ۋاقىت دۈشمەنلەردىن ھوشيار تۇرۇشقا، ھەر خىل تەييارلىقلار بىلەن قوراللىنىپ، دىنىنى، ۋەتەننى ۋە ئۆزىنى قوغداشقا بۇيرۇيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پولاتتەك كۈچكە ئايلىنىپ ئېزىش-ئېزىلىش، ناھەقچىلىك ۋە ناتوغرا ئىستىلگە خاتىمە بېرىشنى، ياشىغان مۇھىتنى ئادالەتكە پۈركىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار زىمىندا ئاللاھنىڭ ئادالەت چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقۇچىلاردۇر. ئۇلار قانداقلىكى يەردە زۇلۇمنى كۆرىدىكەن ئۇنىڭغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆرىشى مۇئەييەن رايون ياكى مەلۇم سىنىپقا قارشى بولماستىن،

ئالەمشۇمۇل دۇنياۋى خاراكتېرلىك بولۇپ ھەممە ئىنسانغا ئوخشاش ئادالەت نەزىرى بىلەن بىلەن قارايدىغان ئۇنىۋېرسال ھەركەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت سىلەر». (ئالى ئىمران 110.ئايەت)

مۇسۇلمانلار ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان گورۇھ بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە بولۇشى. دەردىگە دەرمان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوتتۇرىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىشى، ناھەقچىلىككە قارشى بەجانىدىللىق بىلەن قەتئى كۈرەش قىلىشى، زۇلۇمغا قەتئى قارشى تۇرىشى ئىماننىڭ تەقەززاسى ھېساپلىنىدۇ.زۇلۇم كىمدىن كەلسە كەلسۇن،كىمگە قارشى يۈرگۈزۈلسە يۈرگۈزۈلسۇن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئەقەللى بۇرچىدۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى **لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ دىندا زورلاش يوق (سۈرە بەقەرە 256. ئايەت)** دېگەن كۈرسەتمىگە ئاساسەن ئىنسانلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاشقا ياكى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىشكە قەتئى بولمايدۇ. ئىمان ئېيتىش-ئىيتماسلىق ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق ئىش. لېكىن زۇلۇمدىن قول ئۈزۈشكە، بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىققا، باشقۇرۇقۇچى ئورۇندا تۇرغانلارنى دىكتاتۇر بولۇۋالماسلىقىغا چاقرىدۇ. بارلىق مەۋجۇدات، جۈملىدىن يەر-يۈزى ئاللاھنىڭ ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىكى قانۇن-تۈزۈم ۋە سىياسەتلەر چوقۇم ئىگىسىنىڭ يول-يورۇقىغا ماس ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئاللاھنىڭ ۋەھيى ھەر بىر دەۋىر ۋە ھەر رايۇنغا مۇۋاپىق بىر رەۋىشتە نازىل قىلىنغاندۇ. ئاللاھنىڭ يول-يورىقى چوڭقۇر پەلسەپۋى خاراكتېرلىك پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ يول-يوروق ئۇنىۋېرسال

شەكلىدە بولۇپ، ھەر دەۋرنىڭ شارائىتىگە قاراپ كونكرت ھۆكۈملەر چىقىرىدۇ. ئۇ قانۇننى لايىھەلىگۈچى ئاللاھ دۇنيانىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققى قىلىدىغانلىق قانۇنىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئۆزى بولغاچقا، ھەر دەۋرۋە شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ھالەتتە ئىجتىمائى، پەن-مەدەنىيەت، سەھىيە ھەتتا دىپلوماتىك مەسىلىلەردىن تارتىپ، كىچىك ئائىلە تۇزىمىگە قەدەر ھەر ساھەدە «ھايات قوللانمىسى» سۈپىتىدەقۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت نىزامنامىنى نازىل قىلغان. دۇنيادا ئىنسانلار شۇ بويىچە ماڭسا ھېچقانداق غەيرى نورمال ئەھۋاللار يۈز بەرمەيدۇ. شەخسلەر، گورۇھلار، مىللەتلەر ئوتتۇرسىدا زىددىيەت، قىرغىنچىلىق ھادىسلىرى بولمايدۇ. ھەممە كىشى تىپ-تىنچ، خۇشال-خۇرام ياشىيالايدۇ. ئەنە ئاللاھنىڭ تەلىۋى بويىچە ياشىشى تەلەپ قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەھىينىڭ ئىزىدىن ماڭماي چىرىكلىككە يۈز تۇتىشى، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن ئۇزاقلىشىپ كېتىشى، ئىمتىھان دۇنياسىنىڭ رېئالنى ئېقمى بولغان دەۋر تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قېلىشى، ئاللاھنىڭ دىنىنى بىر تەرەپلىمىلىك چۈشۈنۈۋېلىشىنىڭ تەتىجىسىدە دۇنيا سەھنىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالالمىغانلىقى بىزنى ساۋاق ئېلىشقا، قايتىدىن ئەينەككە قاراپ بېقىشقا ئۈندىمەكتە.

مىنىڭچە بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئاللاھ كۆرسەتكەن جىھادقاھەقىقى رەۋىشتە ئەھمىيەت بەرمىدۇق، توخۇ يۈرەكلىك قىلدۇق، ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ھەر زامان بىزنى ئاگاھ ۋە ئويغاق تۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن ھوشيارتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلغان .

ئى مۆئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم-تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار. شۈبھىسىزكى ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى ئىككى يۈزلىمىچىلەر) بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (يەنى مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنچىلىق) يەتسە، (ئۇ ئىككى يۈزلىمىچىلەر) ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى. چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم. (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم) دەيدۇ. (نىسا. 71- 72)

بىز ئەينى چاغدا قوراللىق جىهادقا تەييارلىق قىلىشقا سەل قارىدۇق ،هەتتا ئىسرائىل ئوغۇللىرى دۈشمەنلىرىگە قارشى قۇراللىق ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىق قىلغان مۇسا ئەلەيهىسسالامغا، سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن! بىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى دېگىنىگە ئوخشاش پوزىتسىيەدە بولدۇق دېسەم مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولماسلىقىم مۇمكىن. بىلىمگە ۋە پەن – تېخنىكىغا ئەهمىيەت بەرمىدۇق. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن دۈشمەنلىرىمىز شىللىمىزگە مىنىۋالدى ۋە ئاخىرى مۇستەملىكىسىگە ئالدى. قولىمىزدىن ئاز بولمىغان بايلىقىمىزنى بۇلاپ ئېلىۋېلىپ، يېقىنقى ئەسىرلەردىن باشلاپ بۈگۈنكى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. بىز بولساق تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ئاسارەت زەنجىرىگە بوغۇلۇپ تىپىرلىغان پېتى ئاھ ئۇرۇپ ياتماقتىمىز.
مۆئمىن پۈتۈن ئۆمرىدە مەلۇم بىر نىشاننى كۆزلەپ ماڭىدۇ ۋە بۇ نىشانغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلاپ كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ نىشان پەقەت ۋە پەقەت ئادالەتنى تىكلەپ، ئاللاھنىڭ ئادىل تۈزىمى بىلەن ئىنسانىيەتنى ماددى ۋە مەنىۋى پاراۋانلىققا ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.
مۆئمىن بۇ مەقسەدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «جىهات» ئىسملىك بۇ ئۇلۇغۋار پائالىيەتنى ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى يولىدا جېنى، مېلى ۋە تىلىنى ئىشقا سېلىپ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. بۇ خىزمەت مۆئمىننىڭ موهىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

## جاهات ھەققىدىكى بىر قىسىم ئايەتلەر

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە بىزگە مۇنداق دەپ خىتاپ قىلىدۇ:
(ئى مۆئمىلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىهاد قىلغانلارنى ۋە (جىهادنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى نامايەن قىلماي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ (ئال ئىمران. 142)

سلەرگە ئۇرۇش قىلىش پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەرئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرۇشىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. سىلەرگە نىمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار! (بەقەرە. 216)
ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دىمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن-ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ (تۇرىلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يىتىپ كەلمىگەن (شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خوش-خەۋەر بىرىشنى تىلەيدۇ. (ئال ئىمران 69-70)
دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قۇربىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە قۇرال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار! بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونىمايسىلەر، ئاللاھ تونىيدۇ. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلغىنىڭلار مەيلى نىمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بىرىلىدۇ. سىلەرگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. (يەنى بۇ ساۋاپتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ). (ئەنفال. 60)
شۈبھىسىزكى ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بىرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىلىدۇ. (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شېھىت بولىدۇ). (جىھاد قىلغانلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ ( يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ئەھەد يوق) قىلغان سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. (تەۋبە. 111)

مۆئمىنلەر (جىھاد تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن) نىمىشقا (جىھاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟ دەيدۇ. جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا دىللىرىدا كىسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (ئى مۇھەممەد)! (ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى. ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا ئۇلار ئاللاھقا سادىق بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى. (مۇھەممەد. 20-21)
شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ ئۇرۇش قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ. ( سەپ. 4)

يۇقارقىلار مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدىكى جىھاد ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمى. ئاللاھنىڭ كىتابى، شۇنىڭدەك ئايەت كەرىملەر بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر. ھۆرمەتلىك كىتابخان: قۇرئان كەرىمنى ئۆزىڭىز بىۋاستە ئوقۇپ، جىھادقا ئالاقىدار ئايەتلەرنى ياخشى چۈشىنىۋېلىڭ. شۇ ئىسىڭىزدىن چىقمىسۇنكى، ئۆمرىڭىزدە جىھادقا قاتناشماي ياكى ۋاقتى پىشىپ يېتىلگەنگە قەدەر جىھاد قىلىش ئىرادىسى قەلبىڭىزدە ئۇرغۇماي ئالەمدىن ئۆتسىڭىز، يېرىم مۇناپىق بولۇپ ئۆلگەن بولىسىز. ئەينى دەۋردە ئىسلامغا ھەقىقى خىزمەت قىلغان ساھابە كىراملار جىھادقا شۇ قەدەر ئەھمىيەت بىرەتتىكى، ھەتتا ئۆيىدە يېتىپ ئۆلۈشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلەتتى. شۇڭا 32 مىڭ ساھابە مەككىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، مەككە خەلقى ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ، پارلاق ئىسلامنىڭ نۇرىنى چاچتى ۋە يەر يۈزىدىكى ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى شانلىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ھەمدە كۆپۈنچىسى بۇ يولدا شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە مۇشەررەپ بولدى. ھازىر ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ھازىر مەزكۇر ساھابىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭ قەبرىسىنى تاپالايسىز. باشقىلىرى تۆت تەرەپكە يەر

يۈزىدە ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، ئىستىبدات زۇلۇمغا خاتىمە بېرىش، ئەڭ توغرا دۇنيا قاراش بولغان مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرۇش يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىپ ئاللاھنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە تارىخ سەھىپىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ئورۇن ئالدى.

ئەي شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار! ھۆر ۋە ئەركىن ياشاش مۇسۇلمانىنىڭ ئىشىدۇر. ئۇنىڭغا ئاسارەت، قۇللۇق ۋە زۇلۇم ئاستىدا ياشاش نۇمۇس. تارىخىڭغا ۋەباتۇر ئەجدادلىرىڭنىڭ ئىش- ئىزلىرىغا قاراپ باق! ئۈيقۇڭنى ئاچ! جەڭگىۋار ئەجدادىڭ ئەزەلدىن ياۋغا باش ئەگكەن ئەمەس. تارىختىن بۇيان كۈپرىغا، ناھەقچىلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمگە قارشى «لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆلسەم شەھىد، قالسام غازى دېگەن ياڭراق سادالارنى ياڭرىتىپ، غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە پاك ۋەتەننى يىرگىنىشلىك كاپىرلاردىن تازىلىغان ئەمەسمىدى؟ سەنمۇ شۇلارنىڭ ئەۋلادىغۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ باسقان ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىشىڭ كېرەك!

تەجرىبىلىك ئەجدادلار مۇنداق بىر نەسىھەتنى ساڭا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەمەسمىدى؛ «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا»! «مۇستەقىللىق ئۆزلىكىدىن بېرىلمەيدۇ. پەقەت ئېلىنىدۇ»

## جىھاد توغرىسىدىكى ھەدىس شېرىپلەر

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچ:. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇبادا مەندىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمىغان، بىللە ئېلىپ چىقاي دېسەم مىندۈرۈشكە ئۇلاق تاپالمىغان بەزى كىشىلەر بولمىغان بولسا، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشقا چىققان ھېچبىر قوشۇندىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. جېنىمنى ئىلكىدە تۇتقۇچى ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ قايتا تىرىلىشىمنى، يەنە

ئۆلتۈرۈلۈپ يەنە تىرىلىشىمنى ۋە يەنە ئۆلتۈرۈلۈپ يەنە تىرىلىپ قايتا ئۆلتۈرۈلىشىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. (بۇخارى، مۇسلىم)

2. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: جېنىمنى ئىلكىدە تۇتقۇچى ئاللاهقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاه يولىدا يارىلانغان بىرى (ئۇ ئۆزىنىڭ يولىدا جاراهەتلەنمىگەن بىرىنى ياخشى بىلىدۇ) قىيامەت كۈنى ئاللاهنىڭ هوزۇرىغا كەلگىنىدە ئۇنىڭ قېنىنىڭ رەڭگى قان رەڭگىدە بولسىمۇ، پۇرىقى ئىپار پۇرايدۇ.

3. ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ئەنەس بىن نەزەر بەدرى ئۇرۇشىغا كەلمىگەن ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە مۇنۇلارنى ئېيتقان ئىدى: ئى ئاللاهنىڭ ئەلچىسى! سىز مۇشرىكلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ماڭا نىسىپ بولمىدى. ئەگە ئاللاه ماڭا مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلىشنى نىسىپ قىلسا چوقۇم كۆرگۈلىكنى كۆزىگە كۆرستىمەن. ئوهۇد ئۇرىشى بولغان كۈنى مۇسۇلمانلار چېكىنگىنىدە تاغام ئەنەس مۇنداق دىدى: ئى ئاللاهىم هەمراهلىرىمنىڭ قىلمىشلىرىغا ئۆزلىرىدىن ئۆزۈر تىلەيمەن. مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدىن مەن ئادا-جۇدا! بۇنى دەپ بولۇپ (جەڭگىۋارلىق بىلەن) مەيدانغا ئاتلاندى ۋە تۇساتتىنلا ئالدىغا سەئىد ئىبنى موئاز رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۇچرىدى. ئۇ سەئىدقا ئېيتتى: ئى سەئىد ئىبنى موئاز! نەزىر قەبىلىسىنىڭ رەببى (ئاللاه)نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەن، جەننەت ماڭا كۆرۈندى، ئوهۇد تېغىنىڭ ئېتىكىدە ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ دىدى ۋە ئاللاهنىڭ دۈشمەنلىرى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

سەئىد ئىبنى نەزىر، ئى ئاللاهنىڭ هەق پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ قىلغىنىنى مەن بىجا كەلتۈرەلمىدىم، چۈنكى مىنىڭ تاقىتىم يەتمىدى، دىگەن ئىدى . ئەنە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئېيتتى: ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدىنىڭ 80 نەچچە يېرىدە قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقيا جاراهەت ئىزلىرىنى تاپتۇق. كۆردۇقكى ئۆلتۈرۈلگەندىن

كيىن مۇشرىكلار ۋۇجۇدىنىڭ ھەرىپىرىنى تىلىۋتىپتۇ. ئۇنى قىز قېرىنىدىشىدىن باشقا ھېچكىم تونىيالمىغان ئىدى. قىز قېرىنىدىشى ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن پەرق ئېتەلىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: بىزنىڭ گۇمانىمىزچە تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمە ئۇنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان ئىدى.

مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى. بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق. (ئەھزاپ. 23) (بۇخارى)

4. سوراقەنىڭ قىزى ئۇممۇ ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشچە: ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئېيتتى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، شېھىت بولۇپ كەتكەن ئوغلۇم ھارىسە ھەققىدە ماڭا بىرنەرسە دەپ بەرسىلىچۇ! (ئۇ مۆھتىرەم ئانىنىڭ مۇبارەك ئوغلى ھارىسە بەدرى ئۇرىشىدىن بۇرۇن نامەلۇم بىرى تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان ئىدى) ئانا داۋاملىق دەيتتى: ئوغلۇم جەننەتتە بولسا سەبىر قىلىمەن. موبادا ئەكسىچە بولسا يىغلاۋىرىمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلەپ بەردى: ئى ئۇممۇ ھارىسە! جەننەتتە نۇرغۇن باغچىلار بار سىزنىڭ ئوغلىڭىز پىردەۋس ئىسىملىك ئالى جەننەتتىدۇر. (بۇخارى)

قېرىنداشلار! كۆردىڭلارمۇ؟ ساھابە كىراملارنى جەننەت غەم قايغۇدىن خالاس قىلالايتى. جاپا-مۇشەققەت، قىيىن- قىستاق ۋە بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بىرەلەيدىغان قەيسىرانە، جەڭگىۋار روھ بەخش قىلاتتى. بىزگىچۇ؟

5. ئابدۇللاھ بىن ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: بىلىڭلاركى جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا. (بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان).

6. زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى: الله يولىدا غازات قىلغۇچىغا جەڭدە كىرەكلىك نەرسىلەرنى بەرگەن كىشى غازات قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئىرىشىدۇ. ھەمدە الله يولىدا غازات قىلغۇچىنىڭ قېلىپ قالغان ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن كىشىمۇ غازات قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئىرىشىدۇ. (بۇخارى ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى)

7. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە چىن پۈتكەن ھالدا ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئات باققان كىشىنىڭ قىيامەتتىكى تارازا مىيزاندا ئۇ ئاتنىڭ يەم –خەشىكى، ئىچكەن سۈيى ۋە تېزىكى ساۋاپ قاتارىدا ئورۇن ئالىدۇ. (بۇخارى)

قاراڭ! جىھاد قىلىش نىمە دىگەن ئۇلۇغۋار، نىمە دېگەن قىممەتلىك ئەمەل- ئىبادەت ھە!

جىھاد قىلىش غايىسىدە باققان ئاتنىڭ يەم-خەشىكىدىن تارتىپ تىزەكلىگەن تېزىكىگىچە ساۋاپ يېزىلسا، بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ساۋاپ تېپىلارمۇ؟ ئويلاپ باقايلى؛ يەر يۈزىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەتتا پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن پەزىلەتلىك، ھەممىدىن ئۇلۇق، جەننەتتىمۇ ئەڭ يۇقىرى موكاپاتقا، ئالى دەرىجىگە ئىرىشىشى مۇقەررەر بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىمىشقا، نىمە سەۋەپتىن تەكرار بىر قانچە قېتىم ئۆلۈپ يەنە تىرىلىپ يەنە شۇ يولدا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلاتتى؟ بۇنىڭدىكى نېگىزلىق سەۋەپ زادى نىمە؟

ھەدىستە دىيىلگىنىدەك جەننەت زادى نېمىشقا قىلىچنىڭ سايىسىدا؟ دېمەك بۇنىڭدىن جىھاد قىلىشنىكى ساۋاپنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

ھازىرقى دەۋىردە قورالىق جىھاد ئۇسۇللىرى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ھەدىس-شېرىپتىكى ئات، بۈگۈنكى موتسىكىلىتتىن تارتىپ تىك ئۇچار ئايرۇپىلانغىچە، كىچىك تاپانچىدىن تارتىپ، ئاتوم، يادرو

قۇراللىرىغىچە، بەش ئاتار مىلتىقتىن تانكىلارغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىمەن، ئىيمان دۈشمەنلىرىنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ ، ئەركىن ھالدا مۇسۇلمانچە ياشاش مۇھىتى بەرپا قىلىشنى غايە ۋە ئاۋانگارت نىشان قىلغان ئاساستا ماڭغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۈستۈمگە چۈشكەن مۇسۇلمانلىق ۋەزىپەمنى ئادا قىلىمەن» دېگەن ئىدىيەدە تەييارلىغان تاپانچا، مىلتىقنىڭ ئوقلىرى، موتسىكلىت، ئاپتۇموبىل ۋەھا-كەزا.... ھېچ زايا كەتمەستىن قىيامەت كۈنىدىك گۇناھ-ساۋاپنى ستاتىستىكا قىلىشتا ساۋاپ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.
ھېلىقى ھاۋا كېلىماتىنىڭ يۇقىرلىقىدىن مېڭىمىز قازان قاينىغاندەك قاينايدىغان، ھەممە كىشى ئۆز ھالى بىلەن، ھەتتا مېھرىبان ئاتا-ئانىسىدىن بالىسى، كۆيۈمچان ئەر-ئايال بىر-بىرىنى تونىماس بولۇپ، «ئەجىبا ماڭا بۇنىڭ بىرەر پالاكىتى يۇقۇپ قالارمۇ؟» دېگەن غەم – ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دەھشەتلىك مەنزىرە، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەللىك مىڭ يىللىق دەشتى قىيامەتتە بىردىن-بىر قۇتۇلدۇرىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ ئەرزىيدىغان ئەمەل ئەنە شۇ جىھادتۇر،غازاتتۇر.

8. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، مۇنداق بىر سۇئال قويۇلدى، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!: جىھادقا تەڭلىشەلەيدىغان بىرەر ئەمەل ئىبادەت بارمۇ؟- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: جىھادقا تەڭ كېلىدىغان بىر ئەمەل -ئىبادەتنى قىلىشقا كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ. ساھابە-كىراملار بۇ سۇئالنى ئىككى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، پەقەت ئوخشاش جاۋاپ ئالدى. ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق جاۋاپ بەردى: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ مىسالى؛ كۈندۈزنى روزا، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە چىن پۈتكەن ھالدا روزا ۋە نامازدىن ھېچ ئايرىلماي تۇرغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كىتىدۇ. (ئىمام ئەبۇ داۋۇتتىن باشقا ھەممە ھەدىس ئىماملىرى نەقىل قىلغان.)

9. ئەبۇ سەئىدىلخۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە؛ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ۋە ئەڭ يامىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟» ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئېتى ۋە تۆگىسىنىڭ ئۈچىسىدا ۋە ياكى پىيادە ھالدا ئۆلۈم يېتىپ كەلگۈچىلىك جىھاد قىلغان كىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەسىھەت قوبۇل قىلمىغان كىشىدۇر. (بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

10. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئىككى كۆز بار، ئۇلارنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرمەيدۇ. بىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز، يەنە بىرى ئاللاھ يولىدا كۆزەتچىلىك قىلىپ ئۇيقۇسىز قالغان كۆز. (تىرمىزى)

11. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: ماڭا ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلىشىم تاغلاردا ۋە شەھەرلەردە ياشىغان ئىنسانلار ماڭا تەئەللۇق بولىشىدىن ئەۋزەلدۇر. (نەسەئى) (يەنى تاغ ، شەھەر خەلقى، مال-مۈلۈك ۋە دۇنيا ئوقەتلىرى مىنىڭ ئىگىدارچىلىقىمغا، شەخسى مۈلكىمگە ئايلانغان تەقدىردە بۇلارنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلسامۇ يەنىلا جېنىمنى قۇربان قىلىپ شەھىد بولىشىم شەرەپلىكتۇر).

12. راشىد بىن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ساھابە كىرامدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم:«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نىمە ئۈچۈن مۆئمىنلەر قەبرى ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ، پەقەت شەھىدلا قۇتۇلىدۇ؟»،پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە قىلىچلارنىڭ چاقنىشى يېتىپ ئاشىدۇ» دىدى. (تىرمىزى)

بۇ، شېھىتنىڭ نەقەدەر ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى باشقا مۆئمىلەر ئومۇمىيۈزلۈك قەبرە ئازابى چەكسىمۇ شەھىد ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە بەندىسى بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئازاپقا دۇچار بولمايدىغانلىقىنىڭ روشەن شاھىدىدۇر.

13. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شېھىت ئۆلۈم ئاچچىقىدىن پەقەتلا بىرىڭلار تىرنىقىنى كەسكەنچىلىك ھىس قىلىدۇ. (شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن كىشىگە ئۆلۈم ئىنتايىن ئوڭاي ۋە راھەت تۇيۇلىدۇ. خۇددى ئىنسان تىرنىقىنى ئېلىۋاتقان ۋاقىتچىلىك تۇيغۇر ھىس قىلىدۇ.چۈنكى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ پەردەۋىس جەننىتى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ جەننەتتىكى نازۇ-نېئمەتلەر ئېكراندىكى سۈرەتتەكلا كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقىنى ھىس قىلمايدۇ.

14. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىۋېتىپ، ھەمراھلىرى قاچسىمۇ، بېشىغا كېلىدىغان پاجىئەنى بىلىپ تۇرۇپ قاچماي، قېنى تۆكۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ ھالىدىن ئاللاھنىڭ مەسلىكى كېلىدۇ ۋە خۇرسەن بولىدۇ. ھەمدە پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ئى پەرىشتىلىرىم، قاراڭلار! مېنىڭ موكاپاتىمغا ئېرىشىش، ئازابىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەندەمنىڭ قېنى تۆكۈلدى. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى ئۇ قۇلۇمنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدىم. (ئەبۇ داۋۇت)

15. ئابدۇلخەير بىننى سابىت بىننى قەيس بىننى شەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئۇنىڭ چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: ئۇممۇ خەللاھ ئىسىملىك زىننەتلەنگەن ۋە نىقاپ ئىچىدە بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ئاللاھ

يولىدا شەھىد قىلىنغان بىر ئوغلىنىڭ (مەرتىۋىسى ھەققىدە) سوئال سورىدى.

ئۇ ئايالغا ساھابىلەردىن بەزىسى: شېھىت بولۇپ كەتكەن ئوغلىڭىز توغرىسىدا سوراۋاتىسىز، ئەمما سىز رەتلىك كىيىنىۋاپسىزغۇ؟ دېگەن ئىدى، ئۇ ئايال: ئوغلۇمدىن ئايرىلغان بولساممۇ ھاياتىمدىن ئايرىلغىنىم يوق دېگەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا مۇنۇلارنى ئېيتقان: ئوغلىڭىزغا ئىككى شېھىتنىڭ ئەجر-مۇكاپاتى بار. ئايال: نىمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىغاندا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇ ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇرۇشتى،-دىدى. (ئەبۇ داۋۇت)

بۇ ھەدىستىنى شۇنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم: ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ساۋابى ناھايتى بۈيۈكتۇر. مەزكۇر ھەدىستىكى شېھىتنىڭ ئىككى شېھەت ئەجرىگە ئېرىشىشتىكى سەۋەپ- ئەھلى كىتاب بىلەن ئۇرۇشقانلىقى بولغان.

ئەھلى كىتاب: ھازىرقى دەۋىردىمۇ دۇنيا مىقياسىدا ئىسلام دىنىغا، مۇسۇلمانلارغا ئەشەددى دەرىجىدە زەھەرخەندىلىك قىلىۋاتقان قانخور يەھۇدىيلار ھەمدە خىرىستىيانلاردۇر.

جىھات پەقەت مۇشرىكلارغا قارشىلا ئەمەس بەلكى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاش ئىستىلىغا قارشى تۇرغان دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۆئمىنلەر تىلى، ئىرقى ۋە ياشاۋاتقان يۇرتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئىش قىلىپ «لائىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ ئىمان ئېيتقان ھەركىم ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قېرنداش ۋە بىر ئۈممەت ھىساپلانغانلىقىغا ئوخشاش كاپىرلارمۇ مۇشرىكتىن تارتىپ ئەھلى كىتابقىچە، بۇددىستتىن تارتىپ

ئاتپئىستقىچە ھەممىسى پەرقسىز ھىساپلىنىدۇ. ھەممىسى ئىبلىسنىڭ لەشكەرلىرىدۇر. قارىماققا باشقا-باشقىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن زامانى كەلگەندە ئىسلامغا قارشى، مۇسۇلمانلارغا بېسىم ئىشلىتىشتە ناھەق قىلمىشلاردا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىدۇ. دەۋرىمىزمۇ بۇنىڭ ئېنىق شاھىدى.

16. سەھىل بىننى ھەنىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چىن قەلبىدىن چىقىرىپ ئاللاھتىن شېھىت بولۇشنى تىلىسە، ياتىقىدا يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ. (بۇخارى ۋە باشقا بەش ھەدىس ئىماملىرى).

17. خۇزەيم بىننى باتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىرەر نەپىقە (چىقىم) قىلغۇچىغا 700 ھەسسە ساۋاپ يېزىلىدۇ. (تىرمىزى، نەسەئى)

18. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ساھابىلاردىن بىرى سۈيى تاتلىق، كىچىككىنە بۇلاق جايلاشقان بىر جىلغىدىن ئۆتكەن ۋە بۇ يەر ئۇنىڭغا يېقىپ قالغان، ھەمدە: «ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز مۇشۇ يەردە ياشىسامكەن» دېگەننى ئارزۇ قىلىپ قالغان ئىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى يەتكۈزۈلگەندە رەسۇلۇللاھ (س.ۋ) ئۇ كىشىگە: « بۇنداق قىلما! چۈنكى ئاللاھ يولىدىكى ئاز بىر ھەرىكەت سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆيىدە يەتمىش يىل (نەفلى) ناماز قىلغىنىدىنمۇ ئەۋزەلدۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى مەغپىرەتىگە ئېلىپ جەننەتكە داخىل قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئۇنداق ئىكەن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار! كىمىكى ئاللاھ يولىدا تۆگە ئۇستىدە ئۇرۇش قىلسا جەننەتكە كىرىشى مۇقەررەردۇر» – دېدى. (تىرمىزى)

19. مىقدام بىننى مەئدىيكەرەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر شېھىتكە ئاللاھ ھوزۇرىدا ئالتە موكاپات بار: 1. ئەڭ دەسلەپتە گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.2. جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. 3. قەبرە ئازابىدىن خالاس بولىدۇ. 4. ئەڭ بۈيۈك قورقۇنچ (مەھشەر)دىن خاتىرجەم قىلىنىدۇ. 5. بېشىغا ئۇلۇغلۇق تاجى كەيدۈرۈلىدۇكى، ئۇ تاجىنىڭ ياقۇتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىكتۇر. 6. 72 ھۆرۈلئەيىن بىلەن ئۆيلەندۈرۈلىدۇ ۋە 70 يېقىنىغا شاپائەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. (تىرمىزى، ئىبنى ماجەھ)

20. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: جىھادتىن ھېچبىر ئىزنا بەلگە يوق ھالدا ئاللاھ ھوزۇرىغا بارغان كىشى ئاللاھقا (بىرەر ئەزاسى) ناكا ھالەتتە يولۇقىدۇ.

21. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: خالىس نىيەت بىلەن ئاللاھتىن شەھىد بولۇشنى تىلىسە، گەرچە شېھىت بولالمىسىمۇ ئاللاھ ئۇ كىشىگە شېھىتلىك مەرتىۋىسىنى بېرىدۇ. (مۇسلىم)

22. ئوسمان بىننى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كېچە قاراۋۇللۇق قىلغان كىشى مىڭ كېچىنى روزا ۋە نەپلى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. (ئىبنى ماجە)

23. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىزدا بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىش، قۇرۇقلۇقتا ئون قېتىم ئۇرۇش قىلغان بىلەن باراۋەردۇر. دېڭىزدا (غازات قىلىش ئۈچۈن) يول ئالغان كىشى ئاللاھ يولىدا ئاققان قانغا بويالغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. (ئىبنى ماجە)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇھەدىس ئارقىلىق دېڭىز لىنيەلىرى ۋە ساھىللىرىنى قوغداشنىڭ ۋە بۇ ساھەدە غازات قىلىشنىڭ موھىم ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

24. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ھىزام ئوھۇد كۈنىسى ئۆلتۈرىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئى جابىر! ئاللاھ تائالا ئاتىڭىزغا ئېيتقان سۆزنى دەپ بىرەيمۇ؟ مەن باش ئۇستىگە- دىدىم،پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئاللاھ سۆزلىگەنلىكى كىشىگە پەردە ئارقىسىدىن سۆزلىدى، بىراق ئاتىڭىزغا ئاشكارا تۇرۇپ سۆزلىدى ۋە مۇنداق دىدى: ئى قۇلۇم! مەندىن خالىغىنىڭنى سورا ! بىرىمەن. ئابدۇللاھ ئېيتتى: ئى ئاللاھىم مېنى تىرىلدۈرگىنىكى سىنىڭ يولۇڭدا يەنە ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرىلەي.ئاللاھ تەئالا دېدىكى: ئەزەلى تەقدىرىمدە بىر قېتىم ئۆلگەن كىشى ئىككىنچى قېتىم (دۇنياغا) قايتۇرۇلمايدۇ. باشقا ئىستىكىڭ بارمۇ؟

ئابدۇللاھ: ئى رەببىم! ئارقامدا (ھايات) قالغانلارغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن بولسىلا!- دېۋىدى بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (ئال ئىمران . 70 )

25. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: ئاللاھ يولىدا جىھات قىلغان بىرسىگە ئەتىگەن ياكى ئاخشام ياردەم قىلىشىم، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەل ۋە ئۈستۈندۇر. (ئىبنى ماجە)

26. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى: ئاللاھنىڭ كارۋىنى ئۈچتۇر. 1. غازى. 2. ھەج ئادا قىلغۇچى. ( ئىھراملىق كىيىمنى كىيىپ، يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلغان، ئەرەفە كۈنى ئەرەفات تېغىغا چىققان، بايرام كۈنى مىناغا كىلىپ قۇربانىق قىلغان كىشى) 3. ئۆمرە ھەج ئادا قىلغۇچى (مىنا ۋە ئەرافاتقا بارماي ھەجنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنى قىلغان كىشى) (مۇسلىم)

27. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىت بولغان كىشى قىيامەت كۈنى خىش-ئەقرىبالىرىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد)

28. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نسى ئېلىم-سېتىم قىلىپ، زىرائەت بىلەن ئاۋارە بولۇپ جىھاد قىلىشنى تەرك ئەتسەڭلار، ئاللاھ دىنىڭلارغا قايتمىغۇچىلىك ئۈستىڭلاردىن ئېلىپ تاشلىمايدىغان بىر خارلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ھاكىم سەھى دىگەن.)

29. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن بىرگە يۈرۈپ، مۇشرىكلاردىن بۇرۇن بەدرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىدى، مۇشرىكلار

يېتىپ كېلىۋىدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلارغا:« ئى ساھابىلىرىم! كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچىلىك بولغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!»دېگەندە ئۆمەر ئىبنى ھەممام بەخ-بەخ ( بەك ياخشى،پاھ -پاھ دېگەندەك مەنىدە) دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى ئۆمەير! نېمىگە بۇنداق دەيسىز؟ دەپ سورىغاندا ئۆمەير: جەننەت ئەھلى بولۇشۇم ئۈچۈن شۇنداق دېدىم- دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىز جەننەت ئەھلىدىن»- دېدى.

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: ئۆمەير خالتىسىدىن بىر قانچە خورما ئالدى ۋە ئۇلارنى يەۋېتىپ ئېيتتى: ئەگەر خورمىلىرىمنى يەپ بولغىچىلىك ھايات قالسام ئۇ بەكمۇ ئۇزۇن ھاياتتۇر- دېدى ۋە قولىدىكى خورمىلارنى چۆرۈپ تاشلاپ كاپىرلارغا قارشى ھوجۇمنى باشلىدى. ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ شېھىت بولدى.

30. ئەبۇ ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: بىز رۇم شەھرىدە ئىدۇق. رۇملار زور ئەسكىرى كۈچ بىلەن بىزگە ئۇدۇل چىقىپ كەلدى، بىزمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ، بەلكى ئۇلاردىنمۇ كۆپ رەۋىشتە ئاتلىنىپ چىقتۇق. بۇ چاغدا مىسىر ئەسكەرلىرىنىڭ باشقۇماندىنى ئۇقبە ئىبنى ئامىر بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى تىزىلغان ئالدىنقى سەپنىڭ كوماندىرى بولسا فۇزالە بىن ئۇبەيد ئىدى، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىرى رۇم سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا باشقا مۇسۇلمانلار: «سۇبھانەللاھ! ئۆزىنى- ئۆزى ھالاكەتكە ئاتتى» دەپ چوقان سېلىشتى، بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى قوپۇپ مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! سىلەر بۇ «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېگەن ئايەتنى ئەسلى مەنىسىدىن بۇرۇۋېتىۋاتىسىلەر.ۋەھالەنكى بۇ ئايەت بىز ئەنسارلار توغرىسىدا نازىل بولغان ئىدى. ئىسلام دىنى كۈچلىنىپ، ھەر يەردە ئەگەشكۈچىلىرى مەيدانغا كەلگەن مەزگىللەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمدىن يوشۇرۇنچە مۇنداق دېيىشكەن ئىدۇق : « پۇل-ماللىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، ئاللاھ تەئالا ئىسلام دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئەزىز قىلدى ۋە قوللىغۇچىلىرى كۆپەيدى. ئەمدى ئىقتىسادىمىزنى ياخشىلاشقا تىرىشايلى! ئۇرۇشلارغا ئىشتىراك قىلمايلى!»

بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بىزنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىمىزگە رەددىيە بېرىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان. بۇ ئايەتتە نەزەردە تۇتۇلغان ھالاكەت بولسا پۇل-مالغا بېرىلىپ كېتىش، مال-دۇنيانى كۆپەيتىمەن دەپ ئۇرۇشنى تەرك ئېتىشتۇر. بۇ ۋەجىدىن دۈشمەننىڭ سېپىنى يېرىش ئۈچۈن دۈشمەن سېپىگە شۇڭغۇپ كىرىش ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىق بولمايدۇ.

ئەبۇ ئىمران ئېيتىدۇ: ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، رۇمدا شېھىت بولدى ۋە شۇ يەردە دەپنە قىلىندى. (تىرمىزى)

ئى دىنى قېرىنداشىم! مۇلاھىزە قىلىڭ! ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى تىلغا ئالغان ۋاقتىدا خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئىدى، لېكىن بوينىغا قارىماي قەلبى، روھى ۋە ئىمانى جەڭگىۋارلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. ئاللاھ تەئالا مەنىۋى كۈچ بەخش ئەتكەن ساھەبە بولۇپ، بارلىق غايىسى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىكى شانلىق ۋە پولاتتەك ئىسلامى ئىرادە بۇ خىل جەڭگىۋارلىققا تۈرتكە بولغان بولسا كېرەك.

31. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: ئۇرۇش قىلماي ھەتتا قەلبىگىمۇ

بۇنى پۆكمەي  تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى بىر پارچە مۇناپىقلىق ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ. (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد)

## جىھادنىڭ ھۆكمى

دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىھات-غازات ئادەتتىكى ئەھۋالدا پەرزى كۇپايىدۇر. لېكىن مۇئەييەن شەرت - شارائىت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋال ئاستىدا پەرزى ئەيىنگە ئايلىنىدۇ.

پەرزى كۇپايە-  ئۈممەتى مۇھەممەدنىڭ ھەممىسىنىڭ زىممىسىدىكى ئىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمى ئورۇندىسا قالغانلىرىدىن ساقىت بولىدۇ، لېكىن ھېچكىم بەجا كەلتۈرمىسە ئۇمۇمىيۈزلۈك ھەممە مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ.

پەرىز ئەيىن-  ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى بىۋاستە ئورۇندىشى كېرەك بولغان دىنى بۇرچتۇر.

جىھاتنىڭ پەرىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىلمى دەلىلى قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتتۇر. «سىلەرگە جىھاد پەرىز قىلىندى» (بەقەرە. 216)

پەرىز كۇپايە ئىكەنلىكىنىڭ قۇرئاندىكى دەلىلى؛ «ئۆزرىسىز (ئەما، توكور، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ جىھاد قىلغۇرچىلارغا بۆيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى. (نىسا .  95)

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك جىھات - غازاتقا چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقساق-چولاقلار،

مېيىپلار، ھەددىدىن ئارتۇق ياشنىپ قالغانلار ۋە نارەسىدە بوۋاقلار، شۇنداقلا ھامىلدار ئاياللار، كىسەللەرگە ئوخشاش ئۆزۈرلۈكلەرنى بېقىشقا تېگىشلىك مەلۇم كىشىلەر كىرەك.
يەنە جىھادقا كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شۇ جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىتىدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان، دىنى خىزمەت، تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان بىر تۈركۈم كىشلەر جىھادقا چىقمىسىمۇ باشقا مەلۇم كىشىلەر شۇلارغا ۋەكالەتەن جىھادقا چىقسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن جىھاد پەررزى ئادا بولغان بولىدۇ.
بىراق پەۋقۇلئاددە ياش-قېرى، چوڭ- كىچىك پۈتۈن مۇسۇلمانلار سەپەرۋەرلىككە ئاتلانمىسا بولمايدىغان، ھەممە ئىشنى تەرك ئېتىپ، قولىغا قۇرال ئېلىپ ئۆزلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرمىسا، ئىسلام دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىپ، دىنىنىڭ ھېچ توسالغۇسىز ئەركىنلىككە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋاللاردا جەڭگە ئاتلىنىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىز ئەيىن بولىدۇ.

## ئىسلام دىنى ئۇمۇملاشقان چاغدىكى ھىجاز

ئىنسانلار ئۆزلىرى تاش-كېسەكتىن ياسىۋالغان بۇت ھەيكەللەرگە چوقۇناتتى،تېۋىناتتى. ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ ئەنئەنىلىشىپ كەتكەن بۇتقا چوقۇنۇش ئىشىنى ئۇلار ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە دەپ قارايتتى.جانسىز تاش-كېسەكتىن مەدەت تىلەيدىغان دەرىجىدە خۇراپاتلىق، جاھالەت پاتقىقىغا چۆمگەن ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىدىمۇ ئىزىش، قۇل قىلىش قاتارلىق ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەۋج ئالغان ئىدى. خوجايىن قۇلنى خالىغانچە ئۇرۇپ-سوقاتتى. ئۆلتۈرۈۋېتەتتى،بۇنىڭ ھېچقانداق سورىقى بولمايتتى.
ياش چۆرىلەر بازارلارغا سېلىنىپ، ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش ئارقىلىق خوجايىن پۇل تاپاتتى. بىر ئايال بىر قانچە ئەر بىلەن ئورتاق ئۆيلەندۈرىلەتتى. ئۆگەي ئانا خۇددى پۇل-مالغا ئوخشاش ۋارىسلارغا

مىراس سۈپىتىدە قالاتتى. قىز بالىلارنى شۇنداق خورلايتتىكى، بالىسى قىز تۇغۇلسىلا كۆپىنچە ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئۆز قولى بىلەن ئورا كولاپ كۆمۈۋېتىشكە مەقبۇر قالاتتى.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھىجاز سىياسى ۋە ئەخلاقى، قانۇن-تۈزۈملەردىن تامامەن مەھرۇم ئىدى. ئاممىۋى خەلق ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆز-ئارا قەبىلە، ئايماقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، پات-پات جېدەل-ماجرا چىقىپ تۇراتتى. بىر قەبىلە ئىككىنچى بىر قەبىلىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىش، ئايال-قىزلىرىنىڭ نومۇسىنى تۆكۈش ۋە قۇل قىلىپ ئىشلىتىش ھەتتا سېتىشنىلا ئويلايتتى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۈپەيلى ئىنتىقام ئېلىش ۋە قان دەۋالىرى نەسىللەر بويى تۈگىمەيتتى.

ئەينى چاغدىكى ئەرەبىستان خەلقى ئۇرۇش دېسە يەتمىش يەردىن بەل باغلايتتى. ھەتتا شائىرلار قەبىلىسىدىن بىرمۇ كىشىنىڭ ياتىقىدا يېتىپ ئۆلۈپ باقمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ شېئىر يازاتتى،قوشاق توقۇيتتى. ئادەتتىكى ھەركىم ئۇرۇش چاقىرىقىنى ئاڭلىسىلا دەرھال يۈگرەيتتى. ئۇرۇشنىڭ نېمە سەۋەپتىن يۈز بەرگەنلىكى، قايسى قەبىلىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتىسمۇ قىلماستىن ئۇرۇشقا قېتىلاتتى ۋە شۇنداق قىلىشنى ئەنئەنە ئىدى. ھەرقانداق كىشى ياكى قەبىلە بىرەر ئۇرۇشتىن قېلىپ قالسا، ئۆلگۈچە قۇتۇلالمايدىغان «توخۇ يۈرەك» دېگەن تامغۇ بېسىلىپ قالاتتى. قان تۆكۈشنى ئىپتىخار دەپ ھېس قىلاتتى.

ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئىتتىرگەن بىردىن-بىر ئامىل «ئىرقۋازلىق،قەۋمىيەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، غەنىمەت قولغا كەلتۈرۈش، قەھرىمانلىق نامى ئېلىش، ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى» دېگەندەك چىرىك ئارزۇ-ئارمانلار ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن[i] بۇرۇنقى ئەرەپلەرنى ئۇرۇشقا ئىتتىرىدىغان يەنە بىر ئامىل ماختىنىش ئارزۇسى بولۇپ، بۇ ئارزۇ ئۇلاردا ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بىر ئەرەپنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسى ئۆزى كەيگەن كىيىمنىڭ ئوخشىشىنى يەنە بىرسىنىڭ كەيمەسلىكى، ئۆزىنىڭ چارۋا-ماللىرى سۇ ئىچكەن كۆلچەكتىن باشقىلارنىڭ چارۋا - ئۇلاقلىرى ھېچ سۇ ئىچمەسلىكى ئىدى. قىسقىسى «چوڭچىلىق،مەنمەنچىلىك،كۆز- كۆز قىلىش، ئابرۇيپەرەسلىك» دېگەندەك

چىرىكلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولۇپ بايلىق،يۈز- ئابروي،ئەمەل- مەنسەپ جەھەتلەردە باشقا بىرسى ئۆزىگە يېقىنلىشىپ قالسا بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى- دە جېدەل – ماجرا تۇغدۇرۇپ رەقىبىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كۇيىغا چۈشەتتى.

ئۇلار قارشى تەرەپتىكى قەبىلىدىن ئۇرۇشقانلار بىلەن بىللە يەنە ئۇرۇشمىغان قېرى- سال، خوتۇن-قىز ۋەنارەسىدىلەرنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتەتتى. ئۇرۇق ئەجدادىنى قۇرۇتۇشقا تىرىشاتتى،دۈشمەن تەرەپنىڭ ئاياللىرىنى ئۇلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈش ئۈچۈن بىر ۋاستە سۈپىتىدە قوللىناتتى. مەغلۇپ بولغان قەبىلىنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئاياق-ئاستى قىلاتتى. ئۇلار دۈشمەنلىرىنى جازالاشتىمۇ ھېچ ئىنسانى نوقتىدىن بولسىمۇ رەھىمدىللىك قىلمايتتى،تىرىك ئوت قوياتتى. ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەنلەرنى ھايۋاناتلارغىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان خورلۇققا ئىتتىرەتتى. ئەسىرلەر كۆپ ھاللاردا مۇشۇنداق قىيىن-قىستاقلار تۈپەيلى جان بېرەتتى.مەسىلەن: ئۇكەل بىلەن ئۇراينا قەبىلە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىگۇناھ تۆگە بېقىۋاتقان ساھابىلىرىنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، سۇسىز چۆلگە تاشلاپ قويغان ئىدى.

ئۇلار ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈش بىلەن توختاپ قالمايتتى. قۇلاق بۇرۇنلىرىنى كىسىپ، يۈرەك باغرىنى يېرىۋېتەتتى. بىر-بىرىنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلسىلا بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىشكە ۋە بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىشكە قەسەم قىلاتتى. سۈلھى، كېلىشىم دىگەنلەرگىمۇ بوي سۇنماي، پۇرسەت تاپسىلا دۈشمىنىنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا تىرىشاتتى.

دېمەك ئۇلۇغ ئىسلام دىنى يىتىپ كەلگەن دەۋرلەردە ئەرەبىستاننىڭ ئومۇمى ئەھۋالى مانا موشۇنداق چىرىك ئىدى.

# ئۇ زاماندىكى دۇنيانىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

«ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى يورۇقلۇق، ئىلىم-مەرىپەتكە چاقىرغانلىقى، پېئۇدالىزىم، بۇرجۇئازىيە، ئېزىش- ئېزىلىشكە قارشى تۇرغانلىقى، دۇنيا خەلقىنى باپ-باراۋەرلىك، سۆيگۈ ۋە مېھىر – مۇھەببەتكە ئۈندىگەنلىكى ، جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئاسمىلاتسىيەلەرگە قەتئى قارشى تۇرغانلىقى، ئىنسانىيەتنى ھۆر، ئەركىنلىككە يېتەكلىگەنلىكى قاتارلىقلار»نى ھەقىقى يوسۇندا تونۇپ يېتىش ئۈچۈن، ئۇلۇق دىنىمىز ئومۇملىششتىن بۇرۇنقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئاز بولسىمۇ بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان مەزگىلدە دۇنيادىكى بۆيۈك دۆلەت ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى، پارىس (ئىران) ئىمپېرىيەسى، مىسىر، ھىندىستان ۋە باشقا دۆلەتلەرمۇ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن بەك پەرقلىق ئەمەس ئىدى.

بۇ دۆلەتلەردە ئىنسانلار پۈتۈنلەي بىر خۇدالىق ئەقىدىسىدىن ئۇزاقلاشقان بولۇپ، خىرىستىيانلار بولسا ئاللابۇرۇن دىنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، «ئۈچ ئىلاھ»لىق ئويدۇرما ئېتىقادقا چۆككەن ئىدى. بەزىلەر ئوتقا چوقۇنسا، بەزى خەلقلەر(مەسىلەن كونا مىسىردا بوقىغا چوقۇنغاندەك،ھىندىستاندا كالىنى ئۇلۇغ بىلگەندەك) ھايۋاناتلارغا چوقۇنىدىغان، كونا تاش، دەل-دەرەخلەرگە تېۋىنىدىغان خۇراپاتلىق ئېقىملىرى ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇددىزىم ۋە شامان دىنى كەڭ تارقالغان ئىدى.

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىرىقچىلىق، تەبىقىۋازلىق كەڭ-كۆلەمدە ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاقسۆڭەك-قۇل، باي-كەمبەغەللىك دىگەنلەر گويياكى ئىكى خىل ئۆز-ئارا ئوخشاشماسلىقتا ئىگە بولغان باشقا-باشقا مەخلۇقلاردەك پەرقلىنەتتى.

سىياسى ھوقۇق بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ ئىشچى، ھۈنەرۋەن، كاسىپلار، چارۋىچى، دېھقانلار قاتلىمى ئۆمۈرۋايەت شۇ ئاقسۆڭەكلەرگە ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار يۈكسىلىش،

هوقۇق تۇتۇش دىگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. شاھ،دۆلەت ئەرباپلىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇق ئىمتىيازى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. ئۇلار پۈتۈن خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. كۆپچىلىكنىڭ پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ھەممە پىشكەللىك دېگۈدەك ئاجىز - بىچارىلەرگىلا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاھۇ-زارىنى ھېچكىم تىڭشىمايتتى،ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلار بەئەينى بۇتسىمانلاشقان ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇيرۇق شەرتسىز ھالدا توغرا-خاتا بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئورۇندىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلاردا ئىسلام تەلىماتلىرىدىكىدەك پىكىر ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇق، مېھىر-شەپقەت دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتۈن دۇنيا گوياكى ئۇسسۇز كىشى سۇغا تەشنا بولغاندەك ئىسلامغا ئوخشاش ئېسىل بىر دۇنيا قاراشقا ئىگە، ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قۇل بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يەككە -يىگانە تەڭرىگىلا بوي سۇنۇشقا چاقىرىق قىلىدىغان، ئىنسانلارنى بىرلىك ، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق رىشتى بىلەن خاتىرجەم ۋە باياشاد ياشاشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئادىل بىر تۈزۈمگە تەلپۈنەتتى.

جانابى ئاللاھ دەل بۇ پەيتتە ھەزرىتى مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. ئۇنىڭ قولىدا تەڭداشسىز مۆجىزە بولغان قۇرئان-كەرىم بار ئىدى. بۇ موبارە كىتاب ئىبادەت مىزانى، توغرا دۇنيا قاراش، ئادىل بىر قانۇن ۋە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، خۇراپى ئېتىقاد، ناھەق قانۇن-تۈزۈم ۋە ناچار ئەخلاقلارغا قارشى تۇراتتى. بۇ ۋەجىدىن مەزكۇر كىتابنى ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوخشىمىغان پۈتلىكاشاڭلارغا دۇچ كەلدى. ئەينى دەۋىردىكى بۇت خاراكتىرىنى ئالغان كۈچلەر بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئەڭ بىمەنە لەقەملەر بىلەن قارىلىدى، ئېغىر ھاقارەتلەرنى راۋا كۆردى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىبارچە ئىنسانلارنى يىگانە ئاللاھقىلا قۇل بولۇشقا چاقىرىپ بارلىق ناچارلىققا قارشى كۆرەش قىلىش، ئەزگۈچى سىنىپلارنى قىلمىشلىرىدىن چەكلەش، ئىنسانلارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈپ،

دۇنيادا ئادالەتنى بەرپا قىلىش بولۇپ، بۇ غايە ئۇلارنىڭ ئومچىغا توپا سالاتتى. شۇڭا باتىل ۋە ناتوغرا قاراش بايرىقى ئاستىدىكى ئۇ گورۇھلار تەبىئى ھالدا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىنى توساتتى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ئىسلام دىنىنى يەتكۈزۈپ 13 يىل مەككىدە خىزمەت ئېلىپ باردى. بۇ ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ۋە قاتمۇ-قات بوران-چاپقۇنلار بىلەن ئۇچراشقان مەزگىل بولدى. ئۇرۇپ تىللاش، ئىزىش، ھاقارەتلەش دېگەنلەر كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ھەر تەرەپتىن يېغىپ تۇراتتى. چىدىغۇسىز قىيىن-قىستاقلار بىر مىنۇتمۇ باشلىرىدىن نېرى كەتمەيتتى. كاپىرلار ئۇشتۇمتۇت كېلىپ مال-مۈلكىنى بۇلاپ كېتەتتى، ئۆيلىرىگە ئوت قويىۋېتەتتى. بىراق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەرگە ھېچقانداق ماددى قورال-ياراق بىلەن قارشى تۇرمىدى، پەقەتلا ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تېخى خېلىلا ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېگۈدەك تەشكىلى ئاپاراتلار تۇرغۇزۇلمىغان بولۇپ، موبادا كاپىرلار بىلەن ئېلىشىپ قالسا ئەھۋال تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتەتتى. ھەتتا قەتلىئام يۈز بېرىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ مەككىدىكى ۋاقىتلارنى ئىنتايىن قىيىن، جاپا- مۇشەققەتتە ئۆتكۈزگەن ئىدى.

## قىيىن كۈنلەر

ئىسلام تەبىئى خاراكتېرلىق دىندۇر. ئۇنىڭ بۈيرۈق-چەكلىمىلىرى ئىنسان پىسخولوگىيىسىگە بەكمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، ئەمىلىلەشتۈرگىلى، ئورۇندىغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق كۆرسەتمە يوق.
مەككىدىكى ئاتموسپېرا تولىمۇ پەرقلىق ئىدى، بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلار ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. چىدىغۇسىز ھاقارەت، دەھشەت ئازار-كۈلپەتلەرگە دۇچاربولدى.

كاپىرلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ھەر خىل بوّھتانلارنى توقۇپ چىقتى. ئۇلۇقۋار يولىدىن ئاداشتۇرۇشنى، توختۇتۇشنى خام خىيال قىلىشتى. ساراڭ - ئالجىپ قالغان بىرى، سېھىرگەر، يالغانچى، شائىر دېگەنگە ئوخشاش لەقەملارنى قويۇپ تىللاشتى. ئۇنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئان-كەرىمنى ئىلاھى سۆز بولماستىن ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەسەر دېيىشتى. كاپىرلارنىڭ چېدىغۇسىز ھاقارەتلىك تىل دەشناملىرىنى قۇرئان- كەرىم مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېئمىتى بىلەن (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) ئالجىغان بىرى ئەمەسسەن. (سۈرە قەلەم 2.ئايەت)
كاپىرلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز ئارقىلىق ئازار بېرىپلا قالماي بەلكى جىسمانى جەھەتتىنمۇ قولىدىن كىلىدىغانلىكى ئۇسالالىقنىڭ ھەممىنى قىلىپ تۇراتتى. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى كەبىنىڭ يېنىدا ناماز قىلىۋاتقاندا ئەبۇ جەھىل تۆگىنىڭ ئۈچەي قارنىلىرىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ موبارەك بېشىغا تاشلىغان ئىدى.
يەنە بىر كۈنى رەسۇلۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەقىف قەبىلىسىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تائىفقا بارىدۇ، ئەپسۇسكى ئۇ يەردىكى خەلق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تائىفتىن چىقىپ كىتىشكە زورلايدۇ. ھەتتا قۇللار، ئۇششاق باللار ۋە ساراڭ كىشىلەرنى كۈشكۈرتۈپ تاش ۋە چالما-كېسەك يامغۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئەسنادا يۈز-كۆز ۋە بەدەنلىرى قانغا بويالغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەبىر تاقەتنىڭ نەمۇنىسىنى ئىزھار قىلىپ، جانابى ئاللاھقا مۇنداق دەپ مۇناجات قىلغان ئىدى.
«ئى ئاللاھىم! كۈچسىز ۋە چارىسىز قالغانلىقىمنى، كىشلەر ئىچىدە خارلانغانلىقىم ۋە ھاقارەتلەنگەنلىكىمنى پەقەت ئۆزلىرىڭگىلا شىكايەت قىلىمەن. ئى مېھرىبانلارنىڭ ئەڭ مېھرىبانى، ھەممە كىشى خورلاپ ئازار بەرگەن بىچارىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ! سىلى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، سىلى مېنى كىمگە تاشلاپ قويىلا؟ مېنى رەت قىلغان، كاپىر

بولغانلارغمۇ؟ ۋە ياكى مەن قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان دۈشمەنلەرگىمۇ؟ ئەگەر سىلىنىڭ غەزەپلىرىگە ئۇچراپ قالمىساملا تارتقان جاپايىمغا ناگىرىم بولمايمەن. ماڭا شەپقەت قىلىشلىرى ئەڭ ياخشىدۇر. ئى ئاللاھىم! غەزەپلىرىگە يولۇقۇش ياكى نەپرەتلىرىگە دۇچار بولۇشتىن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەن ئىلاھى نۇرلىرىغا پاناھلىنىمەن. ئۆزلىرىنىڭ رىزاسىغا ئېرىشكەنگە قەدەر ئۆزلىرىگە تەۋبە قىلىمەن. كۈچ قۇۋۋەت ئۆزلىرىنىڭ».

## تاغۇتقا قارشى جىھاد

تاغۇت- ئاللاھ تەئالا بىلەن تەڭداش ئورۇنغا قويۇلۇپ چوقۇنۇلغان ئىنسان،جىن ۋە ياكى جانسىز ئەشيالارنى كۆرسىتىدۇ.

تاغۇت ئاتالغۇسى قۇرئان كەرىمدە سەككىز يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ: (بەقەرە 256/2-257؛ نىسا 51،60/4، 76؛ مائىدە 60؛ نەھل 36/16؛ زۇمەر 17/39). مەزكۇر ئايەتلەرگە ئاساسەن تاغۇت تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1- ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان ۋە ئىبادەت قىلىنىشىغا رازى بولغان بارلىق شەيئى ۋە شەخسلەر. بۇلارنىڭ بېشىدا شەيتان كېلىدۇ. چۈنكى شەيتان ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىبادەت-قۇلچىلىق قىلىشتىن توسۇپ ئۆزىگە ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىغانلار شەيتانغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ (ئەنبىيا 29/21؛ ياسىن 60/36).

2- ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، باشقا ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلغان شەخسلەر ۋە ئەمەلدار (نىسا 60/4؛ مائىدە 44/5).

4- غەيبنى بىلىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كىشى (ئەنئام 559/6؛ جىن 26/72).

5- ئەۋلىيا يەنى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ، ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ۋاستە بولالايدۇ، ئۇچالايدۇ، ئىسمىنى تىلغا ئالغان ھامان ھازىر بولالايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ... دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان ۋە بۇنىڭغا رازى بولغان كىشىلەر (بەقەرە 257/2).

ياراتقۇچى ئاللاھ غەزەپلىنىدىغان ئادالەتسىزلىك بىلەن ئاممىنى ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇشتەك جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارمۇ تاغۇتلاردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا تاغۇت يەر-يۈزىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىپ ئۆزى ئىنسانىيەتنى قۇل قىلىشقا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنغان ھارامزادە گەدەنكەشلەردۇر. ئاللاھ تەئالا بىزگە قۇرئان-كەرىمدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن نەمرۇد، پىرئەۋن، قارۇن قاتارلىق چوڭچىلىق قىلىشقا ۋە كۆپلىگەن كاپىرلاردىن تارتىپ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ھالدا خىلمۇ-خىل ئازغۇن ئىدولوگىيە ئېقىملىرىنى ئويدۇرۇپ، شەيتانى پىرىنسىپلار ئارقىلىق كىشىلەرنى قايمۇقتۇرغان ماركىس، ئىنگىلىس، دارۋىن، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزىدۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىرەر تاغۇتلار ئىدى.ئېسىڭلاردا بولسۇن ئۇيغۇرنىڭ تاغۇتى بىزنى يەريۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ

بېشى خىتاي دۆلىتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى رەئىسى شى جىنپىڭ .

## ئۇرۇشتىكى غايىلەر

ھەر مىللەتنىڭ ئىلھام مەنبەسى سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە غايىلىرى بار. مىللەت ئۇ مەپكۇرىگە قانچىلىك ساداقەت ۋە ئىشەنچ باغلىسا ئۇنىڭغا بولغان غەيرىتى شۇنچىلىك بولىدۇ.

بەزىلەر ئۇرۇشتا ئۆزىنى كۆرسىتىپ خەلق ئالەمدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ۋە پالۋان دېگەن نامنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، بەزىلەر بۇ ئارقىلىق سىياسى ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە

بەزىلەربولسا ئۇرۇشتا جېنىنى پىدا قىلىپ تارىخ سەھىپىسىدىن مىللەت ۋە ۋەتەن قەھىمانى دىگەن نام بىلەن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ.
يەنە بەزىلەرمۇ باركى ئاززۇسى يۇقارقىلاردىن تامامەن باشقىچە: ئۇلار مۇنداق بىر ئۇلۇغۋار نىشانىنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ كۆرەش قىلىدۇ. ئىخلاسمەن بىر مۇسۇلمان بارلىقىنى ئىسلام دىنى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن بېغىشلايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا يەر-يۈزىدە مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دىنىنى ھەرخىل تۇسالغۇلاردىن خالاس قىلىش، ئۇنىڭ رىزاسىنى كۆزلەپ ھېچكىمنى بۇ دىنغا زورلىماستىن ھەممىگە ئامىباپ بولغان ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بەندىنى بەندىگە قۇل بولۇشتەك چىرىكلىكتىن ئازاد قىلىپ كىشىلەرنىڭ، قۇرئاننىڭ روھى بويىچە ھۆر ۋە ئەركىن ياشىيالايدىغان مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مېلى، جېنى ۋە بارلىقىنى بېغىشلاپ كۆرەش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل غايىسى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا جانابى ئاللاھنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشتۇر خالاس. ئەگەر ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھنىڭ موكاپاتىغا ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكىم ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەنپەئەتىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن.

جانابى ئاللاھ مۆئمىنلەر نىمە ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغانلىقى، كاپىرلار قايسى يولدا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىزاھلاپ بېرىدۇ.
«مۆئمىنلەر ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، كاپىرلار تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ»(سۇرە نىسا 76.ئايەت). تاغۇت ئاللاھ تەئالاغا قارشى ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىسلامغا زىت بولغان ھەرقانداق خاھىش ۋە ئىش ھەركەتنىڭ سىمۋولىدۇر. قۇرئاننىڭ روھىغا ئاساسەن بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن تۇغۇلما ئۈستۈن كۆرۈش ياكى تۇغۇلما خور دەپ بىلىش ئىرىقچىلىق، مىلىتارىزىم ۋە قەبىلىۋازلىقا ياتىدىغان ناتوغرا خاھىشتۇر.ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىققا باغلىق مەسىلىدۇر.ئەمما ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش،مۇھەببەت باغلاش ئالقىشلاشقا سازاۋەر ئەقەللى ئەخلاقتۇر.

ئىسلام دىنىدا ئىرىقچىلىق يوق،ئۆزى تەۋە بولغان تۇغۇلما باغلىنىشلىقى ئاللاھ تەئالانىڭ بىر ئايىتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان  مىللىتنى سۆيۈش بار،ئىمانداشلىقنى كۆرستىدىغان ئۈممەتچىلىك بار. گورۇھۋازلىق يوق، ئۆملۈك ۋە بىرلىك بار،بىراق مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ زۇلۇم قىلىش،ھەققىنى يەۋېلىش،ئېزىش يوق.

ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىسىدە ھەممە ئىنسانلار ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇ قايسى مىللەتتىن، قايسى دۆلەتتىن، قايسى رايۇندىن بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئەسلا ئايرىمچىلىق قىلىنمايدۇ. يەر شارى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق مەۋجۇدات جانابى ھەقنىڭ مۈلكى بولغىنىدەك، جۈملىدىن ئىنسانىيەتمۇ ئۇنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىرىدۇر.

بىر ئىنساننىڭ ئەر-ئايال، ئاق تەنلىك-قارا تەنلىك، ئۇيغۇر ياكى باشقا بىر مىللەت بولۇپ يارىتىلىشى ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئۆز ئىرادىسىدىكى ئىش ئەمەس،ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىشتۇر. نۆۋەتتە دۇنيادا 3 مىڭدىن ئارتۇق مىللەت 7 مىڭ خىلدىن ئارتۇق تىل ۋە شىۋىلەر مەۋجۇد ئىكەنلىكى بىر رىئاللىق. مەزكۇر تىل ۋە شېۋىلەرنىڭ ھەممىسى جانابى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا باپ-باراۋەر. ئاللاھ ھەممە تىلنى ئوخشاشلا تەرجىمانسىز ھالدا چۈشىنىدۇ، ئەسلىدىنلا ئىنسانلارنى خىلمۇ-خىل مىللەت ۋە ئوخشىمىغان رايۇنلاردا ياراتقانمۇ ئۇ  ئاللاھدۇر. شۇڭا ئىسلام ئىتىقادىدا ئايرىمچىلىققا يول يوق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدا خۇتبىسىدا مونۇ چاقرىقنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر. ئاتا-ئاناڭلارمۇ بىردۇر. ھەممىڭلار ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى سىلەر. ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلدى. ئەرەبنىڭ باشقا مىللەتكە، باشقا مىللەتنىڭ ئەرەپكە ھېچقانداق ئۈستۈنلىكى بولمىغىنىدەك، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىككە ئۈستۈنلىكى يوق. ئۈستۈنلىك پەقەت تەقۋالىق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۈستۈن بولغۇچىلار ئۇنىڭدىن ئەڭ بەك قورققانلاردۇ.

ئەزاسى ناكا قارا تەنلىك بىر قۇل سىلەرگە رەئىسلىككە سايلانسىمۇ، سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن باشقۇرسىلا قۇلاق سېلىڭلار! بوي سۇنۇڭلار!
ھېچكىمنى باشقىسىنىڭ جىنايىتى تۈپەيلى جاۋاپكارلىققا تارتىش يوق. ئاتا ئوغلىنىڭ جىنايىتىدىن، ئوغلى ئاتىسىنىڭ جىنايىتىدىن جاۋاپكارلىققا تارتىلمايدۇ. دىققەت قىلىڭلاركى مۇنۇ تۆت ئىشنى ھەرگىز قىلىپ سالماڭلار! ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار! ئاللار چەكلىگەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشنى ھەرگىز قىلماڭلار، زىنا قىلماڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار!(بۇخارى)
يولباشچىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقارقى باياناتى ئارقىلىق مۆئمىنلەرنى قارغۇلارچە تەرەپپازلىق يولىدا ئەمەس ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ناھەق رەۋىشتە قارغۇلارچە ئايرىمچىلىق قىلىشتىن قەتئى چەكلىگەن. مۆئمىنلەر ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە جىھاد ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ ئەلۋەتتە ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاداققى غايىسى ئۇ ۋەتەندە ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئىسلام دىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئۇلاشىشۇن ۋە ئۇلار بېسىمغا، زۇلۇمغا ئۇچرىماي ئەركىن ھالدا ئىسلامنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلسۇن ئۈچۈن.
مۆئمىن خەلقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاداققى غايىسى، ئۇ خەلقنى زالىم، تاجاۋۇزچى ۋە ئىمپىرىيالىست سىنىپنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئادىل تۈزۈم ئاستىدا ھۆر ياشىسۇن ئۈچۈندۇر.
مۆئمىن مىللىتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئۇلارنى شەيتانى يوللاردىن ساقلاپ قېلىپ، پارلاق ئىسلام يولىغا باشلاش ۋە دۇنيا ئاخىرەتلىك بەخىت-سائادەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر.
دېمەك، ئىسلام دىنىدا زىمىن ئىشغال قىلىۋېلىش، باشقىلارنىڭ مال – مۈلكىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىپ بايلىق قولغا كەلتۈرۈش، نەپسانى ئارزۇسىنى قاندۇرۇدىغان قەھرىمانلىق شان - شەرىپىگە ئېرىشىشلەرگە ئوخشاش ھاياتى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قىلىنغان كۆرەش، جىھاد

ھساپلانمايدۇ. ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە زىت يوللارنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىد ئەمەس، بەلكى قەھرىمان دەپ باھا بېرىشكە بولىدۇ.
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر ئىچىدىن بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدى: ئى ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى! دۇنيالىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىگە ساۋاپ بارمۇ؟
رەسۇلۇللاھ : ھېچقانداق ساۋاپ يوق دەپ جاۋاپ بەردى.
ئۇ ساھابە ئۈچ قېتىم قايتا-قايتا سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوخشاشلا «ھېچ ساۋاپ يوق دەپ» جاۋاپ بەردى. [ئەبۇ داۋۇد]
يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: كىم ئاللاھنىڭ سۆزى ئۈستۈنلىككە ئىگە بولسۇن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە ئۇ ئاللاھ يولىدا بولغان بولىدۇ. [بۇخارى ۋە مۇسلىم]
بۇ ھەدىستىن ئاللاھنىڭ سۆزى ئۈستۈنلىككە ئىگە بولسۇن ئۈچۈن ئۇرۇشماي، باشقا ھەرقانداق خاھىشلار يولىدا ئۇرۇش قىلغان كىشى ئاللاھ يولىدا بولمىغان بولىدۇ، دېگەن مەزمۇن چىقىدۇ.
دېمەك، مۆئمىن پەقەت ۋە پەقەت «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن راسۇلۇللاھ» نىڭ ئالى بولۇشى يۈزىسىدىن گاھىدا قەلەم بىلەن گاھىدا ئەلەم بىلەن كۆرەش قىلىدۇ، بۇ يولدا ئېغىزاكى خىزمەت ئېلىپ بارىدۇ، ئىستىداتى بولسا قەلەم تەۋرىتىدۇ، ئىقتىسادىنى بۇ يولغا چىقىم قىلىدۇ، بۇ غايىدە پەن-تېخنىكا ئۆگىنىدۇ ۋە ئىلمى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
تۇنجى بۇيرۇق «ئوقۇ» پەرمانى بىلەن باشلانغان شانلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەزالىرى بولغان مۆئمىنلەر ھەر دەۋردە، ھەر ساھەدە ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئېلىشى ،ئىنسانىيەتكە پايدىلىق يېڭىلىقلارنى كەشىپ قىلىشقا،كائىناتنىڭ سىررىنى ئېچىشقا ئەمگەك سەرپ قىلىشى كېرەك، ئىسلامنىڭ تەلىۋى بۇدۇر. ئاللاھتائالا مۇنداق دېمىگەنمىدى: «بوشاشماڭلار،قايغۇرماڭلار! ئەگەر ھەقىقىي تۇردە مۆئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك سىلەرگە مەنسۇپ»(سۈرە ئالى ئىمران 139.ئايەت)، بۇ

ئايەتتىكى «ئۈستۈنلۈك» دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئۈستۈنلۈكتۇر. دۇنيادا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن پەن-تېخنىكىدا، سانائەتتە، ئىقتىسادتا، خەلقئارالىق سىياسى سەھنىدە ۋە زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇلغان قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچتە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا بىزدىن قۇرئان تەلىماتلىرىنى ئېغىزىمىزدا قايتا – قايتا تەكرارلاپ ئوقۇشنى ئەمەس،ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى ئەمىلىيىتىمىزدە ياشىشىمىزنى ۋە ئىجرا قىلىشىمىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەققانىيەتنى باشقىلارغا تونۇتۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزھەققانى بولۇشىمىز،ئوقۇشنى باشقىلارغا تەرغىپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىمىز بىلىملىك بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## ھەر ۋاقىت جىھادقا تەييار تۇرىشىمىز لازىم

مۆئمىنلەر كەلگۈسى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەر ۋاقىت جەڭگە، جىھادقا تەييار ھالدا تۇرۇش كىرەك. بۇ ھەقتە دىنىمىز ئويغاق ۋە ھوشيار تۇرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى.

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولىڭلاردىن كېلىشىچە (قۇرال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى) تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى ئەيمەندۇرىسلەر [ئەنفال، 60]

پەيغەمبەر سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەينى دەۋرىنىڭ شەرت-شارائىتىغا يارىشا زامانىۋى ئۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ مودىسى ھىساپلانغان ئاتنى مىسالغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى ئېتىنى ئاللاھ يولىغا ئاتاپ باقسا، ئۇ ئاتنىڭ تويىشى، سۇغا قېنىشى، تېزىكى ۋە سۈيدىكى قىيامەت كۈنى ساۋاپ تارازىسىغا قويىلىدۇ». [بۇخارى، كىتابۇلجىھاد]

يۇقارقى ئايەت ۋە ھەدىس مۆئمىنلەرنىڭ داۋاملىق دۈشمەنلىرىگە قارشى سەزگۈر بولۇپ، ئۇلارنى قورقۇتالىغۇدەك قۇراللارغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك ساھابىلەر دەۋرىدە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى قىلىچ، نەيزە، كالتەك، ياچاق (ئوقيا) ۋە ئات-تۆگىلەر ئىدى. جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مىلتىق، تاپانچا، ئاپتومات ۋە ھەرخىل تىپتىكى پارتلاتقۇچ بومبىلار ياسىلىپ قوللىنىدىغان بولدى، ھەتتا 21- ئەسىر ھارپىسىدا تۇرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خۇددى قۇشلاردەك ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۇرىشىدىغان، دېڭىز قەرىدە ئىز دىرەكسىز ئۈزۈپ كىلىپ، تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىدىغان، ئېلېكترونلۇق مېڭە (كومپيۇتېر) ئارقىلىق كۆزىتىپ ئولتۈرۈپ، بىر قىتئەدىن يەنە بىر قىتئەگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىدىغان يېڭى ئۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ياساپ چىقىلدى.

ئىش ئۇنداق ئىكەن يۇقارقىدەك زامانىۋى يادرو قۇراللار شەرتسىز ھالدا مۆئمىنلەرنىڭمۇ قولىرىدا بولىشى، كاپىرلارنى قورقۇتالىغۇدەك سەۋىيەگە ئېرىشىشى لازىم.

مۇقەررەر ھالدا بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلەر، سەرىپ قىلىنغان ئېنېرگىيەلەر ھەممىسى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بولۇش شەرتى بىلەن مەھشەر كۈنى ساۋاپلىق قاتارىدا ھىساپلىنىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «جىھاد قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ»(ئەبۇداۋۇت- ئەنفال) دىگەن مۇبارەك سۆزى ئارقىلىق جىھادنىڭ موھىملىقىنى، ھەمدە ھەر زامان ئەھمىيەت بىرىلىشىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

## جىھانىڭ تۈرلىرى

بىز باشتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، جىھاد- ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلىككە ئىگە قىلىش يولىدا،ھەققانىيەتنى ۋە ئادالەتنى تىكلەش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق ھەركەتنى ۋە كۈرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جىھادنىڭ بەزى تۈرلىرى باركى ئۆمۈرۋايەت، ھەر ۋاقىت، ھەر ماكاندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بەزى تۈرلىرى باركى، ۋاقتى كەلگەندە ئورۇندىلىدۇ. بۇنىڭدىن مۇئەييەن شەرت ۋە مۇقتەزا كىرەك. شەرىت-شارائىت پىشىپ يىتىلىشى، دۈشمەنلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ ئۇرۇشقاندا غەلبە قازىنالىشىغا كۆزى يىتىشى لازىم. قۇرال-ياراق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھاد بۇ كاتىگورىيەگە كىرىدۇ.

## قۇراللىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھاد

تارىختىن بۇيان ئىنسانلا ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان سەۋەپلەر تۈپەيلى جىدەل-ماجرا ۋە ئۇرۇشلار داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تەبئىيكى ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تالاش-تارتىشلار، دەۋا، مەپكۇرىلەر مەۋجۇد. بۇ داۋالار ئىنسانلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگەن ئاساسى ئامىلدۇر. ھەر دەۋىردە ھەق ۋە ناھەق داۋاملىق كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇلار خۇددى بىر-بىرى بىلەن ئەجەللىك ئېلىشۋاتقان ئىككى چەۋەندازغا ئوخشىشىپ كىتىدۇ، قايسى پەم-پاراسەتلىك ۋە كۈچلۈك بولسا ئەنە شۇ غەلبە قىلىدۇ. بۇ بولسا جانابى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان تەبئى قانۇنىيەتتۇر.
ئەگەر باتىل تەرەپدارلىرى توغرا ئۇسۇلنى قوللانسا، پەم-پاراستىنى ئىشقا سالسا، ئەكسىچە ھەق تەرەپدارلىرى دەۋاسى ھەققانىيەت بولسىمۇ، ناتوغرا ئۇسۇل قوللۇنۇپ، پىلانسىز ئىش ئېلىپ بارسا يەنىلا باتىل تەرەپدارلىرى يېڭىپ چىقىدۇ.
بۇنىڭ تىپىك مىسالى، 20- ئەسىرنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن دىنسىز ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگى – جىدەللەر بولۇپ، مۇسۇلمانلار ھەقلىق تۇرۇپ پەن – تېخنىكىدا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن غەرپكە تاقابىل تۇرالمىغانلىقى بىزگە ئىبرەت بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارمۇ بىردەك ھالدا دۇنيانىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن ئاللاھنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت تەلىماتلىرىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ-يۇ ئەمىلىيەتكە كەلگەندە رىئاللىق بۇنىڭ ئەكسىچە. بولۇپمۇ 18- ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئىلىم- پەندە ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىغانلىق سەۋەپلىك دىنىمىزنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ قىسمەن يەنە نۇرغۇن تەرەپلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن، تېخى ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئىسلام تەلىماتىدىن سىرت دەپ قارايدىغانلارمۇئاز بولمىغان.

شۇنداق قىلىپ تەبىئى پەنگە، كەشپىياتقا سەل قارىغان، ھالبۇكى بۇ دىنىنىڭ رەھبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «بىلىم خىتايدا بولسىمۇ ئۆگەن»، «ئىلىم مۆئمىنىنىڭ يوقۇتۇپ قويغان ئەنگۈشتەرىدۇر ، ئۇنى خىتايدا بولسىمۇ (بېرىپ) ئۆگىنىشى كېرەك» دەپ، ئىلىم-پەنگە، كەشپىياتقا ۋە زامانىۋى تېخنىكىغا مۇسۇلمانلارنى قاتتىق تەشۋىق قىلغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ پەرماننى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىسلام دىنى تېخى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن سىرتقا تارقالمىغان بولۇپ، دىنى بىلىم خىتايدا بولىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، خوشنا دۆلەتلەرگىمۇ ئۇلاشمىغان بىر ۋەزىيەت ئىدى. ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەقسىدى ئىلىم-پەننى خىتايدەك يىراق ئەللەرگە بېرىش ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىش ئىدى دېسەك خاتالاشمايمىز.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەن – تېخنىكىغا رىغبەتلەندۈرگەن ئۇلۇغۋار نەسىھتىگە سەل قارىغان، ھورۇنلۇق قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى ئۇل ۋە ئاساس سالغان پەننى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى 15- ئەسىردىن باشلاپ غەرپلىكلەر ئەللىرى ھەدەپ ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بۇ چىغرنى ئۆزلۈكسىز راۋاجلاندۇرغان،شۇنداقلا ھەر ساھەدە ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ھالبۇكى مۇسۇلمانلار بۇ ئىشقا ئەڭ تېگىشلىك ئىدى. ئەپسۇسكى سۈت ئۇيقۇسىغا چۆمدى. بىراق ياۋرۇپالىقلارچۇ؟ ئۇلار توختىماي ئالغا ئىلگىرلىدى. 1879- يىلىدىكى فىرانسىيە سانائەت ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىجىسىدە ياۋرۇپادا ئارقا-ئارقىدىن يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. يېزا-ئېگىلىك ئىشلىرى ماشىنىلاشتى. زاۋۇت-

فابرىكىلار قۇرۇلۇپ ئاز ئەمگەك كۈچى بىلەن بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. ئات-تۆگىلەرنىڭ ئورنىغا تىراكتور، ماشىنا، پويىزلار، ھەتتا ئايروپىلانلار ئىجاد قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئەللىرى كۈچىيىپ مۇسۇلمانلارنى ھەربىي جەھەتتىن يېڭىپ، ئىقتىسادى جەھەتتىن چاڭگىلىغا ئېلىۋالالايدىغان كۈچكە ئېرىشتى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا ئىسلام دۆلىتى جۇغراپىيەسىنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بېسىۋالدى، ھەمدە ئۈچ قىتئەدە ھۆكۈم يۈرگۈزىۋاتقان شانلىق ئىسلام خەلىپىلىكى بولغان ئوسمانلى دۆلىتىنى غۇلىتىشقا ئۇرۇندى. دۇنيانىڭ قەيرىدە بولسا بولسۇن زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىققا، ئېزىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولىنى ئۇزۇتۇپ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلىتى تاجاۋۇزچى ياۋروپالىقلارنىڭ ئالدىدىكى چوڭ پۈتلىكاشاڭ دەپ قارىلاتتى. ئۇلار ئوسمانىيە خەلىپىلىگى تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ئەللەردە بىر ياقتىن مۇسۇلمانلارنى يەنە بىر ياقتىن سادىق مىللەت دەپ نام ئېلىپ كەلگەن غەيرى مۇسۇلمان كىشىلەرنى قۇترىتىشقا كىرىشتى. ئىرقچىلىق ئۇرۇقىنى چاچتى. بۆلۈۋىتىشكە يارايدىغانلىكى قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن زەئىپلەشتۈردى. ئوسمانلى دۆلىتى يېڭى پەتىھلەر ئۇياقتا تۇرسۇن ئاستا-ئاستا پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان ھاكىمىيىتىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئاخىرى 19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئوسمانىيە خەلىپىلىگى تەۋەسىدىكى پۇخرالار خەلىپىگە قارشى توپىلاڭ كۆتىرىشكە باشلىدى،بارا - بارا دۆلەتنىڭ يەر كۆلىمى تارىيىپ بالقانلار ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن رايونلار ئوسمانىيە خەلىپىلىگىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتەي دەپلا قالغان ئىدى. ئەمدى شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرغان ياۋروپا رەسمى ھوجۇم باشلاپ بۇ دۆلەتنىڭ، يەنى ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ ھەممىنى بېسىۋېلىشقا يۈرۈش قىلغان ئىدى.

ئۇ چاغدا ئوسمانىيە خەلىپىلىگىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا سۈپەتسىز، ئاددى بولغان قۇرال-ياراقلار، كاپىرلارنىڭ قولىدا بولسا زامانىۋى ئەسلىھەلەر بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىدى.

نەتىجىدە ئىسلام خەلىپىلىكى بولغان ئوسمانىيە دۆلىتى كاپىرلار تەرىپىدىن يىقىتىلدى. بەزى كىچىك دۆلەتچاقلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەممىسى بىرەر مۇستەملىكىگە ئايلاندى. غەرپ ئەللىرى كېيىنچە ئاستا-ئاستا ئىسلام دۇنياسىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ ئۆزلىرىگە سادىق قورچاق ئەمەلدارلار ۋە شاھلار ئارقىلىق ئۇزاقتىن باشقۇرۇپ كەلمەكتە.

مۇستەقىل ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پىلانلىق ھالدا كىچىك-كىچىك دۆلەتچىلەرگە بۆلۈنتىلگە بولۇپ ۋە پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياسىتىگە قۇربان بولغان. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۆيۈك بىر پارچىسى بولغان ئەرەب رايۇنلىرى تىلى بىر، دىنى بىر، تارىخى ۋە مەدەنىيتى ئورتاق بولغان ھەمدە نوپۇسى 200 مىليۇندىن ئارتۇق بولغان ئەرەپلەرنىڭ 23 دۆلەتكە بۆلۈنتىلگەنلىكى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۆتمۈشتە بىر-بىرى بىلەن ھەرگىز چىقىشالماي كەلگەن ياۋرۇپا دۆلەتلىرى، ياۋرۇپا بىرلىكىنى قۇرۇپ چىقىپ ئىقتىسادى،سىياسى، پەن-تېخنىكاۋە سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىرلىككە كەلگەن،ياۋرۇپا ئورتاق پۇل بىرلىكى ۋە ياۋرۇپا ئورتاق بازىرى قۇرغان. بىراق ئىسلام دۆلەتلىرىبىرلىكى - ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش ئۇيىاقتا تۇرسۇن ھەتتا، ئىسلام پۇل بىرلىكى، ئىسلام ئورتاق بازىرى ياكى تۈرك دۇنياسى ئورتاق بازىرى دىگەنلەردىن ئېغىز ئېچىلىدىغان بولسا، ئىسلام دۈشمەنلىرى قانچىلىك بەدەل تۆلىسىمۇ بۇنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق بىرلىكنىڭ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ روياپقا چىقىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ، بار كۈچى بىلەن «سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ ئېقتىشىدۇ». جان-جەھلى بىلەن توسالغۇلۇق قىلىدۇ. جاسۇسلىرىنى ئىشقا سالىدۇ.

سۆزىمىزنىڭ تېمىسىغا كەلسەك: بىز مۇسۇلمانلار پەن-تېخنىكىدا ئارقىدا قالدۇق. ئەجدادلىرىمىز ۋە ئىسلامى پەيلاسوپلىرىمىزدىن فارابى ۋە ئىبنىسىنالارنىڭ كەشپىياتلىرى ئەسىرلەرچە ياۋرۇپا ئونۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغان يېڭىلىقلىرى، تۈزگەن فۇرمۇلالىرى ئىسلام مەدەنىيتىنىڭ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كەشپىياتلاردۇر. بۇنى ياۋرۇپالىق ئىلىم ئەرباپلىرىمۇ ئېتىراپ قىلماقتا.

دېمەك مۇبادا بىزنىڭ داۋايىمىز ھەققانى تۇرۇپ سۈننەتۇللاھقا رىئايە قىلمىساق، كاپىرلاردىن ئېشىپ چۈشكىدەك ئىلىم ۋە بىلىمگە ئىگە بولمىساق دىنىمىزنىڭ تەلىۋى بويىچە يول تۇتقان بولمايمىز.
كاپىرلارنىڭ دەۋاسى باتىل بولسىمۇ دۇنيا قانۇنىيىتى بويىچە پەم-پاراسەتنى قوللۇنۇپ كۈچلۈك ھەربىي بىرلىك تەشكىل قىلغان بولسا غەلبە قىلالىشى تۇرغان گەپ.

## قۇراللىق جىھاتنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

قۇراللىق جىھاد ھەم پەزىلەتلىك ھەم جاپالىق ۋە خەتەرلىك بىر جىھادتۇر. ۋاقتى كەلگەندە بۇ جىھادنى ئېلىپ بېرىش پەرىز ئەيىن بولىدۇ. بۇ جىھادقا قاتناشقان مۇجاھىدلار ساق قالسا غازى، ئۆلسە شەھىد دىگەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ جەڭ مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا» دىگەن موبارەك سۆزى ئارقىلىق دۈشمەنلەرگە قارشى قۇراللىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر موھىم ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ 19 قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى بۇ ئىشنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى بىزنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرىدۇ. «ئاھ! ئارزۇ قىلاتتىمكى- ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، ئارقىدىن قايتا تىرىلدۈرۈلسەم، ئۇنىڭدىن كىيىن يەنە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلسەم ۋە قايتا قايتا ئۆلتۈرۈلسەم».
ئەمرى بىن ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى: كىمكى دۈشمەنگە ئاللاھ يولىدا بىر پاي ئوق ئاتسا ئوقى دۈشمەنگە تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. [رامىزۇلئەھادىس]

## ئىقتىساد ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىهاد

جىهات ئىشلىرىدا ئىقتىسادنىڭ رولى مۇھىم ئورونىدا تۇرىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. مەيلى ئاللاھ يولىدىكى جەڭلەردە بولسۇن، مەيلى جىهادنىڭ ئىلىم ۋاستىسى بولغان تەلىم-تەربىيە، قەلەم تەۋرىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كاتېگورىيىلىرى بولسۇن ھەممىسىگە ماددى ئىمكانىيەت كېرەك. ئىقتىساد بولمايدىكەن ئۇرۇشقا كېرەكلىك ھەربىي ئەسلىھەلەر، قۇرال-ياراقلار، ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم كېچەكلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كېرەكلىك ئەشيالاردىن سۆز ئېچىش قىيىن ئەلۋەتتە. ئىقتىساد بولمىسا مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تەلىم-تەربىيە، ۋەز نەسىھەت قاتارلىقلارنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئېلىپ بېرىش تەس. مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەر تۈرلۈك نەشرىيات ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا تايىنىپ ھەدىسىلا ئەخلاقسىزلىق، چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىدولوگىيەلەرنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشماقتا. بۇ خىل ھەركەتلەرگە قارشى ئىسلامى تەشۋىقات ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، ئىسلامى ۋە مىللى روھنى ئويغىتىدىغان تېلېۋىزور قاناللىرى ئېچىشقا، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال نەشىر قىلىش، رايىو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمانلارنى مەنىۋى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، دىن-ديانەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايمىز،

مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەك-شۈبھىسىز ھالدا ئىبادەتتۇر. ئەگەر بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاخبارات ئاگېنتلىقى بولمىسا خەلقارالىق ياكى يەرلىك ھەرخىل ئاخباراتلارنى كۆپپارلار قامال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قوللىنىۋېرىدۇ. ئۇچۇر تارقاتقاندا قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي بورمىلاپ ئاقنى قارا قىلىپ كۆرستىدۇ.بۇنى كۈنىمىزدە ئەڭ ئادەتتىكى ئاۋاممۇ پەرق ئېتەلەيدۇ.

ئاددى بىر مىسال ئالايلى: بىر مۆئمىن ئىسلام دىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگۈنۈپ بىر تەپسىر يېزىش ئارقىلىق قۇرئان-كەرىم ۋە دىنىمىزنىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلىسا، يەنە بىر مۆئمىن پەننى بىلىم ئىگەللەپ

ئاسترونومىيە، ئارخېئولوگىيە، فىزىكا ۋە خېمىيەگە ئوخشاش ساھەلەرنىڭ بىرىدە مۇتەخەسسىس بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ مانپەئەتى ئۈچۈن يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرسە،خېمىيە بىلىمىنى جانلىقلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ زەھەرلىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىشلەتسە ،ھېچ بولمىغاندا ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانى دىن ئىكەنلىكىنى ئىلمى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ ئاممىغا سۇنسا، ھەر ئىككىسى ئوخشاش ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى مۇپەسسىر بىلەن مۇتەخەسسىسنىڭ تۆھپىسى ئوخشاشلا ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىش، ئاللاھنىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىقىنى تونۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى پەرق پەقەتلا مېتودتىن ئىبارەتتۇر.

ئىقتىساد ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھات - باشقا جىھاد تۈرلىرىنىڭ ئايرىلماس موھىم بىر قىسمى بولغاچقا نۇرغۇن ئايەتلەردە بەدەن (جان) ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان جىھاتنىڭ يېنىدىلا ئىقتىسات بىلەن ئورۇندىلىدىغان جىھاتقا ئورۇن بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسات ئارقىلىق جىھاد قىلىشمۇ ئىنتايىن موھىمدۇر.

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىككى خىل قىممەتلىك نەرسە بار. بىرى جان، يەنە بىرى مال-دۇنيا. شۇڭا ئاتا-بوۋىلىرىمىز «پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكنىڭ بېغىدا» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

مۆئمىنلەر ئۆز تىرىشچانلىقىغا قاراپ ئەمەل- ئىبادەتتە خىلمۇ-خىل دەرىجىلەردە بولغىنىغا ئوخشاش جىھاتنىڭ كاتېگورىيىلىرىنى ئورۇنداشتىمۇ قىلغان مېھنىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىلەرگەئېرىشىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى قولىدىكى ئىمكانىيىتى ۋە تەقۋالىقىغا باغلىق. بەزى مۆئمىنلەر پەقەتلا پۇل-مېلىنى سەرىپ قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادى جىھاتنى ئورۇندىسا، يەنە بەزىلەر پەقەت ئىلمى قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىلىم ئارقىلىق جىھاد قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر قۇرال-ياراق كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىدا ئەسكىرى جىھاتنى ئورۇندىسا، يەنە بەزىلەر تىلى ياكى قەلىمى بىلەن تەسىرلىك سۆز ۋە يازمىلىرى ئارقىلىق ھەققانىيەتكە چاقىرىق قىلىپ سۆز ئارقىلىق جىھاد قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر باركى ھەم جېنى، ھەم مېلى، ھەم

ئىلمى ئىقتىدارى، ھەمدە تىلى- قەلىمى ئارقىلىق جىھات قىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى يۈكلىمەيدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ھەر بىر مۆئمىن قولىدىكى ئىمكانىيىتى ئۆلچىمىدە جاۋاپكاردۇر. (ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. [سۈرە بەقەرە. 286])

جانابى ئاللاھ ئىقتىسادنى ئۆزىنىڭ يولىدا نەپەقە قىلغانلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «پۇل مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير-ساخاۋىتىگە ئىرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاپ تاپىدۇ. ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. [سۈرە بەقەرە 262]

يەنە مۇنداق چاقىرىقلارنىمۇ قىلغان ئىدى: « ئى مۆئمىنلەر ! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر. ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر. ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (سۈرە سەپ. 10- 11)

«(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش-قېرى، پىيادە، ئۇلاقلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. [ تەۋبە. 41]

شۈبھىسىزكى، ھەقىقى مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر. [ھوجۇرات. 15.]

بۇ ئايەت كەرىمدە ھەقىقىي مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسى ئىغىزدا مەن مۆئمىن دەپ قويۇش بىلەن ئەمەس بەلكى نەق مەيداندا مېلى ۋە جېنى ئارقىلىق كۆرەش قىلالىغانلار ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.
ئەبۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر ئەسكەرنى قۇراللاندۇرسا (ئۆزى) غازات قىلغان بولىدۇ ۋە كىمكى غازاتقا كەتكەن بىر ئەسكەرنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم قىلسا يەنە غازات قىلغان بولىدۇ.

## بىلىم ئارقىلىق جىھاد قىلىش

دۇنيادا يۈز بەرگەن بولمىغۇر قىلمىشلار، جىدەل-ماجىرالار، چىرىك ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى ئاڭسىزلىق،جاھالەت، قاششاقلىقا بېرىپ تاقىلىدۇ. بارلىق ناتوغرا ئىشلارنىڭ نېگىزلىك مەنبەسى يەنىلا بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقتۇر. ھەقىقەت ۋە توغرىنى ئىزدىگۈچىلەر ئالدى بىلەن بىلىم ئىگەللىشىگە توغرا كېلىدۇ ،چۈنكى بىلىم ھەر زامان توغرىغا يېتەكلەيدۇ. جاھالەت- كۇپۇر ۋە خۇراپاتلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلام دىنى ئومۇملىششتىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرى دەپ ئاتىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپى ئەمەس. ئۇ نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ ئىمانغا توسالغۇ بولىشىدىكى بىر نەمۇنىسىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى- كۇپىرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى يوقۇتۇپ ھەقىقى بىلىم بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى يورۇتۇشتۇر. بۇ غايە بىلىم ئارقىلىق جىھات قىلغاندىلا ئاندىن ئەمەلىيلىشىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇشلار ۋە جىھاتلار دېگۈدەك قىلىچ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بىراق زامانىمىزدا ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەردى، ياكى بىرمۇنچە تۈرگە بۆلۈندى. ھازىرقى دەۋردە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلار، مەدەنىيەت ئاسىملاتسىيەسى ۋە ئىقتىسادى مونوپول كۆرىشى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بىر دۆلەت ئىككىنچى بىر دۆلەتكە بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۇ دۆلەتنىڭ خەلقىنى تەشۋىقات ۋە نەشرىيات

ۋاستىسى بىلەن پسىخولوگىيە جەھەتتە ئاسارەت ئاستىغا ئالىدۇ. مەدەنىيەت ۋە تىلىنى ئاسمىلاتسىيە قىلىدۇ. سىياسى، ئىقتىسادى تەرەپتىن ئۆزگە قارىتىدۇ. گەرچە ئۇ دۆلەتتە ئىشغالىيەتچى دۆلەتنىڭ بايرىقى لەپىلدىمىسىمۇ ئەمما ھەممە سۆزى ئاقىدۇ. ئۆز ئىرادىسىگە بوي سۇندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىمنىڭ كۈچى بولماي نىمە؟
دىمەك بىلىمنىڭ رولى بۆيۈكتۇر. شۇڭا قۇرئان-كەرىمنىڭ تۈنجى نازىل بولغان ئايىتى بىلىمگە تەرغىپ قىلىپ «ئوقۇ» دىگەن سۆز بىلەن باشلانغان.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن جىھاد قىلغىن. [فۇرقان. 52]
مەزكۇر ئايەتتە جىھاد ۋاستىسىنى قۇرئان-كەرىم دەپ كۆرسەتتى. ئۇ بولسا ئىلاھى ئەمىر-پەرمان بولۇش بىلەن بىرگە بىلىمنىڭ ئاچقۇچى. ئۇنداقتا قۇرئان-كەرىم ئارقىلىق جىھاد قىلىش- بىلىم ئارقىلىق جىھاد قىلىش دىمەكتۇر. يۇقاردىكى ئايەت مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا قۇراللىق كۆرەش پەرىز قىلىنمىغان ئىدى. قۇراللىق ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقى خىلىلا كىيىن مەدىنىدە نازىل بولدى. دىمەك ئايەتتە بىلىم ئارقىلىق كۆرەش قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان.
ھەرقانداق جىھاد توغرى ئىلىمغا ئاساسلانغان بولۇپ، بۇ ۋەجىدىن ئىلىم ئارقىلىق جىھاد قىلىش ئەڭ بۆيۈك جىھادتۇر دەپ ئېيتالايمىز. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز مۇنداق بىر مەنىلىك سۆزنى بىزگە مىراس قالدۇرغان ئىدى. «بىلىكى چوڭ بىرنى يىڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى».
شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنىمىزدا: جىھاتنىڭ ئوخشىمىغان يوللار بىلەن ئېلىپ بىرىلىدىغانلىقى، بەزىدە قۇراللىق قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بىرىلسا، بەزىدە دىپلۇماتىك يوللار بىلەن ئېلىپ بىرىلىدىغانلىقى، گاھ ئىلىم ئارقىلىق يۈرگۈزۈلسە، گاھ ئىقتىساد بىلەن بىجىرىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خۇلاسىنى يەكۈنلەيمىز. قىسقىسى جىھات خەلق ئارىسىدا چۈشىنىلگەندەك پەقەتلا قولىمىزغا قىلىچ ياكى ئاپتۇمات ئېلىپ، ئاللاھۇ ئەكبەر شۇئارىنى توۋلاپ دىن، ۋەتەن دۈشمەنلىرى ۋە تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى جېنىدىن جۇدا قىلىش بولۇپلا قالماستىن بەلكى خالىسانە ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلىگەن

هالدا ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن ئىلىپ بېرىلغان ھەرقانداق كۆرەش جىھاتتۇر. ۋەتەننى ۋە مىللەتنى كاپىرلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش جىھادنىڭ بىر تۈرى ۋە ئەڭ ئۇلۇغۋارىدۇر. ۋەتەن ۋە خەلق ئازاد بولمايدىكەن ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھەققى تۈردە ياشاش قىيىنلىشىدۇ.
بىزنىڭ بۇ كىتابىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتۈلىدىغان ئوبيكتىپ تېمىمىز- قۇرال ئارقىلىق جەڭ مەيدانلىرىدا ئىلىپ بېرىلىدىغان جىھادنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىنى ئىسلام دىنىمىزنىڭ قانۇنلىرى بويىچە ئىزاھلاشتۇر. شۇڭا بۇ ھەقتە توختىلىمىز.

## قۇماندان

كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئىسلام جەڭچىلىرىنى يېتەكلەيدىغان بىر رەھبەر سايلىنىدۇ. خۇددى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرىستە مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىشىدىكى ئەڭ موھىم ئامىل ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى بولغىنىدەك، جەڭدىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ غەلبە قىلىشى ئۈچۈن ھەر جەھەتتە ئوبدان يېتىشكەن قابىلىيەتلىك قۇماندانىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى شەرتتۇر. جەڭچىلەرنىڭ غەلبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولىشىدا قۇمانداق موھىم رول ئوينايدۇ. ماھارەتلىك، قابىلىيەتلىك قۇماندان ئەسكەرلىرىنى ئوبدان چىنىقتۇرىدۇ. تەرتىپلىك ۋە ئىنتىزامچان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭسا يەنە بەزىدە تەسىرلىك ۋە ئۆتكۈر نوتۇقلىرى ئارقىلىق ئەسكەرلەرنى جاسارەتلەندۈرىدۇ. ماددى ۋە مەنىۋى ھەر تەرەپتىن ئىلغار، غەلبىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان قەيسەر، روھلۇق جەڭچىلەر ئەنە شۇنداق ئىستىبداتلىق قۇماندانلارنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىدۇ.
قۇرئان-كەرىمدىكى «تالۇت ۋە جالۇت» قىسسىسى بىزگە قانداق كىشىنىڭ قۇماندان بولالايدىغانلىقىنى، قانداق ئالاھىدىلىكلەر بولغاندا ئۇرۇشتا

مۇۋەپپىقىيەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ بېرىدۇ.
ئىسرائىل ئوغۇللىرى،ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن زامان پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغان بولسىمۇ بارا-بارا چېرىكلىككە يۈز تۇتتى:خۇراپات، بىدئەتلەرگە چۆمۈپ توغرا يولدىن ئېزىشتى،ساپ دىنىي بۇلغىدى، گۇناھ-مەسىيەتلەرگە چۆكتى ۋە بۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى دۈشمەنلىرى ۋەتىنىنى بېسىۋالدى. نۇرغۇن خەلقنى ئۆلتۈرىۋەتتى ۋە بىر قىسمىنى ئەسىرگە ئېلىپ قۇل قىلىپ ئىشلەتتى. ئېكىسپولاتاتسىيە يۈرگۈزدى،زۇلۇم قىلدى. تەۋرات لەۋھەلىرى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدىن قالغان مۇقەددەس ئامانەتلەر دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاخىرى ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەپ ئىنساندەك ياشاش ئۈچۈن بىردىن-بىر يولنىڭ قۇراللىق كۆرەش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى دە پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەپ خىتاي قىلىشتى: بۇنى قۇرئان-كەرىمدىن تىڭشايلى: « بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى! دىيىشتى. پەيغەمبەر : سىلەرگە جىھات پەرىز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېۋىدى، ئۇلار : يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟! دىيىشتى. ئۇلارغا جىھات پەرىز قىلىنغان چاغدا ئاز قىسمىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.»
نەتىجىدە ئۇرۇش پەرىز قىلىندى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى جىھادى ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ كۆپ ساندىكىلىرى ئوخشىمىغان باھانىلەر تۈپەيلى ئۇرۇشقا قاتناشمىدى.
پەيغەمبىرى ئۇلارغا: « ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دىدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ) : ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلادلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال-مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا- دەدى.

پەيغەمبىرى ئۇلارغا : ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە )پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى. ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قۇۋۋەتلىك قىلدى. ئاللاھ سەلتەنەتنى ئۆزى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ(نىڭ پەزلى) كەڭدۇر. (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ- دېدى. ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رابىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزۇدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى، ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ. ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (تابۇتنىڭ نازىل بولىشىدا ئاللاھنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (رۇشەن) ئالامەتلەر بار. [بەقەرە. 248]

ئايەت كەرىمدە ئوقۇپ ئۆتكۈنىمىزدەك، پەيغەمبىرى ئۇلارغا: تالۇتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پادىشاھ يەنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى ئېيتقاندا بەنى ئىسرائىل مىللىتى: ئۇنىڭ پادىشاھ ئائىلىسىدىن ئەمەسلىكى ھەمدە قولىدا بايلىقى يوقلىقىنى باھانە قىلىپ قوماندانلىقىنى ئېتراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى، لېكىن پەيغەمبىرى: قوماندان بولۇش ئۈچۈن پادىشاھ ياكى كاتتىباشنىڭ ئەۋلادى بولۇش شەرت ئەمەسلىكى، باي بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقى، سەۋىيەلىك، پەم-پاراسەتلىك ۋە بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈستىخانلىق، گەۋدىلىك ئىكەنلىكى قوماندانلىقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغاچقا، تالۇت دېگەن كىشىدە بۇ سۈپەتلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ بەنى ئىسرائىل تالۇتنىڭ قوماندانلىقىنى ئېتراپ قىلدى. جەڭ ھازىرلىقى تاماملانغاندىن كېيىن تالۇت ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يولغا ئاتلاندى.ماڭا-ماڭا بىر جايغا كەلگەندە بىر دەريا ئۇچرايدۇ-دە، تالۇت ئەسكەرلىرىنى سىناش ئۈچۈن ئېيتىدۇ: كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر. ئۇنىڭدىن ( ئۇسسۇزلىقنى

بىسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ) دېدى. [بەقەرە. 249]
بىراق ئەسكەرلىرىنىڭ ئازغىنىسىنى ھىساپقا ئالمىغاندا قالغان ھەممىسى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ تويغۇچە سۇ ئىچىدۇ. نەتىجىدە بۇ خاتالىق سادىر قىلغان ئەسكەرلەر دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ ۋە مۇنداق دېيىشىدۇ: بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز ، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، بىز ئاز سانلىق تۇرساق-دېيىشىدۇ.
ئۇلارنىڭ بۇ گېپى خۇددى بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بەزىلەرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى: «سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ جىم ياتقىنىمىز تۈزۈك، تۇگىنىڭ قۇيرۇقىغا چالما ئاتمايلى، دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ، قولىدا زامانىۋى قۇراللىرى بار، بىزدە ئۇنچىلىك ئەسكىرى ئەسلىھەلەر يوق، تۇخۇم بىلەن تاشنىڭ تەڭ بولغىنى يوق، بۇمۇ تەقدىر... ۋەھاكەزا-دىگەندەك.
تالۇتنىڭ، ئاللاھقا بىركۈنى ھىساپ بىرىدىغانلىقىنى، تاجاۋۇزچى دۈشمىنىنى ئۆز ۋاقتىدا ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمىسە دۇنيادا خار-زەبۇن، ئاخىرەتتە بولسا تېخىمۇ پەرىشان بولىدىغانلىقىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق جاۋاپكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئەسكەرلىرى مۇنداق دېيىشكەن ئىدى:
ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلبە قىلىدۇ. [بەقەرە 249]
ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ ئۇرۇش قىلىشقا بەل باغلىغان ئىسرائىل ئوغۇللىرى دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشقا تۇتۇش قىلغاندائاللاھقا يالۋۇرۇپ مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:
پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغايسەن، قەدەملىرىمىزنى ( ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن! كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگەيسەن! [بەقەرە. 250]
نىھايەت بەنى ئىسرائىل، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلدى. «ئەسكەرلەر ئاز بولسىمۇ چىداملىق، ئىتائەتچان ۋە ئىمانى كۈچلۈك

بولسلا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى قولغا كېلىدىغانلىقى» ئەملىيەت بىلەن ئىسپاتلانغان ئىدى.

خوش: بۇ قېتىمقى غەلىبىدە، بولغۇسى پەيغەمبەر داۋۇدمۇ تالۇتنىڭ قۇماندانلىقى ئاستىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، دۈشمىنى جالۇتنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان بەنى ئىسرائىل مىللىتى ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ۋەتىنىنى قولغا ئېلىپ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ئىدى.

بىز يۇقارقى قىسسىدىن تەسىرات ئېلىپ، قۇماندان قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىشى شەرت؟ دېگەن ھەقتە بىر ئاز توختىلىمىز:

1. قۇماندان ئادەتتىكى بىرى بولماستىن تاللانغان، قابىلىيەتلىك كىشى بولىشى كېرەك. «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى ۋە تاللىدى» دېگەن جۈملىدىكى كەلىمىلەرنىڭ مەزمۇنى شۇنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك قۇماندان ئىسىلزادە، باي بولىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ باشقا باي ۋە ئىسىلزادە كىشىلەر تۇرۇقلۇق، قولىدا مال-مۈلكى يوق، ئېسىل نەسەپتىنمۇ بولمىغان تالۇتنى قۇماندانلىققا تاللىشى بۇنى ئۇقتۇرىدۇ.

2. قۇماندان بولىدىغان كىشى ھەربى ۋە دىپلوماتېك ساھەدە يۇقىرى سەۋىيەدە مەلۇماتقا ئىگە بولىشى لازىم. «ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قۇۋۋەتلىك قىلدى» دېگەن ئايەتتىكى ئىبارە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

3. قۇماندان تەن قۇرۇلمىسى بۆيۈك، ئۆستىخانلىق كىشى بولىشى كېرەك. مەزكۇر ئايەتتىكى «بەدىنىنى قۇۋۋەتلىك قىلدى» دېگەن جۈملە بۇنى ئۇقتۇرىدۇ.

4. قۇماندان ئېگىلمەس، پۈكۈلمەس، قەيسەر ئىرادىگە ئىگە، ئېغىر كۈلپەتلەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان جاسارەتلىك بولىشى لازىم. تالۇتنىڭ قەۋمىدىن بەزى كىشىلەر ئۇرۇش پەرىز قىلىنغاندا ئارقىسىغا داجىپ توخۇ يۈرەكلىك قىلغان بولسىمۇ،ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئۇرۇشقا ئاتلىنىشۋەرگەنلىكى بىزگە بۇ نەسىھەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# قۇماندانغا بوي سۇنۇش

جەڭچىلەرنىڭ ئىنتىزامچان ۋە تەرتىپلىك بولىشى قۇماندانغا بوي سۇنىشىغا باغلىقتۇر. ھەرقانداق ۋاقىتتا باشلىقۇا بوي سۇنۇلمايدىكەن، ئىنتىزام ۋە تەرتىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ مۇنداق بۇيرۇق قىلغان: ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار! [نىسا 59]

ئايەتتىكى ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىكىلەر دىگەندە- تەبئىكى مۆئمىن بولىشى لازىم دىگەن چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا قۇمانداق بولغان كىشى ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولىشى كىرەك. مۇسۇلمان ئەمەس كىشى قۇماندان قىلىپمۇ سايلانمايدۇ.

يەنە بىرى قۇماندان گۇناھ ئىشقا بۇيرۇسا ئۇنىڭغا بۇ ئىشتا قەتئى بوي سۇنۇلمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: « ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا بوي سۇنۇلمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن.

قۇماندان گۇناھقا بۇيرىمىسىلا ئۇنىڭ بۇيرىقىغا شەرتسىز بويسۇنىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى. «قۇماندانىڭلار مەيلى پازىل بولسۇن،مەيلى پاجىر بولسۇن سىلەرگە جىھاد قىلىش پەرىزدۇر. پازىل ياكى پاجىر ۋە ھەتتا گۇناھى-كەبىرە ئىشلىگەن بولسىمۇ ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئارقىسىدا ناماز قىلىشىڭلار سىلەرگە پەرىزدۇر». [ئەبۇ داۋۇد]

ئەسرى سائادەتتە مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھادىسە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر بۆلۈك ساھابىنى مەلۇم بىر سەپەرگە ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇلارغا قۇماندانغا ئىتائەت قىلىشنى جېكىلەيدۇ. يول ئەسناسىدا بەزىلەر باشباشتاقلىق قىلىپ قۇماندانىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. غەزەپلەنگەن قۇماندان كۆپچىلىكنى توختۇتۇپ ئەتراپتىن ئوتۇن توپلىتىدۇ-دە، جۇغلانغان ئوتۇن دۆۋىسگە ئوت يېقىپ

«ئۆزۈڭلارنى ئوتقا ئېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. دەرۋەقە ئەسكەرلەر گاڭگىراپلا قالىدۇ. بەزىسى: ئوتقا ئۆزىمىزنى ئاتايلى، چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوماندانىمىزغا بوي سۇنىشىمىزنى تاپىلىغان دېسە، يەنە بەزىلىرى بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بىز ئوتتىن قۇتۇلۇش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگەشتۇق، نىمە ئەمدى ئۆزىمىزنى ئوتقا ئاتقۇدەكمىز! دېيىشىدۇ. بۇ ئەسنادا ئوتمۇ ئۆچىدۇ ھەمدە قوماندانىنىڭمۇ ئاچچىقى پەسلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار سەپەردىكى ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىدۇ. ھېلىقى ۋەقەلىك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندە مۇنداق دەيدۇ: مۇبادا ئوتقا كىرگەن بولسا داۋاملىق ئوتتا قالغان بولاتتى. ئالللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا ئىتائەت قىلىنمايدۇ. ئىتائەت پەقەت مەرۇپ - ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.[ئەبۇ داۋۇد]

## ئىسلام دىنىدا مەجبۇرلاش يوق

ئىسلام دىنىدا ھېچكىم مەجبۇرى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلانمايدۇ. بۇ دىن توغرا بولغان ئەقىلگە ئۇيغۇر ۋە ئىلمى دىن بولۇپ، ھېچكىمنى قورال كۈچى ۋە باشقا نەرسىلەرگە تايىنىش ئارقىلىق مەجبۇرى ھالدا مۇسۇلمان قىلمايدۇ ۋە بۇنداق قىلمىش ئېغىر گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. ئەقىلنى جايىدا ئىشلەتكەن ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىچە بۇ دىننى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئالللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: « دىنىدا (ئۇنىڭغا كىرىشكىمۇ،چىقىشقىمۇ) زورلاش يوقتۇر. ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى» [بەقەرە. 256]

ئىسلام دىنى ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئىنسانلار ئۇيدۇرۇپ چىققانسىياسى خارەكتىرلىق مەجبۇرى تېڭىلغان ئىدىئولوگىيەلەرمۇ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ، يوقۇلۇپ تۈگەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ تىلىغا ھاكىم بولغىلى بولسىمۇ قەلبىگە ۋە ئىرادىسىگە ھاكىم بولۇش مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىدىكى ئايەت ئىسلامنىڭ ئەڭ نېگىزلىق چاقىرىقلىرىدىن بىرى بولۇپ

دىن نامىدىن زوراۋانلىق قىلىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئورنىدا قويۇپ كىشىلەرنىڭ ئىمانىغا مىتىر تەگلەشنى قاتتىق چەكلىگەن.
ئەنسارلار ئىچىدىن بەنى سەلىم بىننى ئەۋىف قەبىلىسىدىن ئەلھۇسەينى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بەزى شاملىق تىجارەتچىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە كېيىنچە شامدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بىر قېتىم شاملىق كارۋانلار بىلەن بىرگە زەيتىن يېغى سېتىش ئۈچۈن مەدىنىگە كىلىدۇ ۋە ئاتىسى بىلەن كۆرىشىدۇ. بىراق ئاتىسى باللىرىنىڭ ياقىلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىساڭلار ئەسلا قويۇپ بەرمەيمەن، دەپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ هوزۇرىغا دەۋالىشىپ كىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتىسى مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن تىرىك تۇرۇپ بەزى ئەزالىرىم دوزاخقا كىرسە بولامدۇ؟ بۇ چاغدا ئاللاھ : «دىنىدا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر» ئايىتىنى نازىل قىلغان.
ئاللاھ بەندىسىگە ئىككى تۈرلۈك يولنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ يوللارنىڭ قايسى توغرا ۋە ئاقىۋىتى قانداقبولىدىغانلىقى توغرىسىدا كىتاپلار ۋە پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىش ئارقىلىق كونكىرت مەلۇمات بەرگەن، ئىنساننى بۇ خىل ياخشى-يامان يوللارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن تاللاپ ماڭىدىغان ئەقىلدىن ئىبارەت تاللاش خاراكتىرىنىمۇ بىللە ياراتقان. دېمەك ئىنسان دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئىمتىهانىدىن ئۆتەلىسە ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك جەننەتكە ئىرىشىدۇ. مۇبادا كۇپرىدا مېڭىشنى تاللاپ ئىمتىهاندىن ئۆتەلمىسە دوزاخا ئارقىلىق جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ دۇنيا بىر ئىمتىهان مەيدانى. خۇددى بىر ئونىۋېرسىتىتقا تاللىنىش ئۈچۈن ئىمتىهانغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئونىۋېرسىتېتقا كىرىش ئۈچۈن چوقۇم ئىمتىهاندىن ئۆتەلىشى كىرەك، ئەمما ئىمتىهاندىن چوقۇم ئۆتۈسەن دەپ مەجبۇرلانمىغىنىدەك، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈنمۇ ئاللاھنىڭ ئىمتىهانىدىن ئۆتۈش لازىم. بىراق ئىمتىهاندىن مەجبۇرى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. لىكىن جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتى ئىمتىهاندىن ئۆتۈش. خالىغانلارنىڭ تىرىشىپ جاپاغا چىداپ ئاللاھنىڭ ئىمتىهانىدىن

ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىش ياكى بوشاڭلىق قىلىپ، ئەقلىنى ئىشلەتمەي دوزاخقا مەھكۇم بولۇشمۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى.
ئاللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئىش-ھەركىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋەتىرىكلىكنى ياراتتى. ئاللاھ غالىپتۇر. (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. [مۇلك. 2]
ئۇنداقتا دىنغا زورلاش دېمەك، سىناق ۋە ئىمتىھاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىق دېمەكتۇر، بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس.
مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە بىردىنبىر ھەقىقەت بولغان ئىسلام دىنىنى ئۆز پېتىچە دۇنيا خەلقىگە تونۇتۇش، ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە چۈشەندۈرۈش.
جانابى ئاللاھ يەنە مۇنداق دىگەن ئىدى: (ئى مۇھەممەد!) « (بۇ) ھەق قۇرئان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» [كەھف. 29]
تارىختىن بۇيان ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر قەۋمىنى زورلۇق ۋە قۇرال كۈچىگە تايىنىپ ئىمانغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلمىغان. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا جانابى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ھەمدە يولغا ئەگەشكەنلەرگە جەننەت بارلىقىنى، ئېزىپ كەتكەنلەرنى جەھەننەمنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. جانابى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇپ باقايلى: «بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن. مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. [قۇرقان. 45]
ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە بىز سىنى ئۇلارغا كۈزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق. سىنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. [شۇرا. 48]

دىمەك بۇ دۇنيا بىر ئىمتىھان دۇنياسى بولغان ئىكەن، ئىسلام دىنىنى تاللاش ياكى كۇپرىغا ئالدىنىش ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى. ئۇنداقتا زورلاپ دىندىن چىقىرىۋېتىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى بولمىغىنىدەك، بۇ دىنغا كىرىشتىمۇ ھېچكىم زورلانمايدۇ، بېسىم ئىشلىتىلمەيدۇ. بىراق بۇ دىننى قوبۇل قىلىمەن دەپ تەلپۈنگەنلەرنى ياكى بۇ دىننى قوبۇل قىلغانلارنى زورلاپ دىندىن چىقىرىشقا، بۇ دىننى قوبۇل قىلىدۇرماسلىققا ئۇرۇنغانلارغا قەتئىي قارشى چىقىلىدۇ. بۇ پارلاق ئىسلام دىنىنى تونۇشتا كىشىلەرنىڭ ئىختىيارى ھالدا قوبۇل قىلىشىدا ھېچقانداق چەكلىمە ۋە توسالغۇ قالمىغانغا قەدەر يەر-يۈزىدە توختاۋسىز كۆرەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساسى ئوبىكتى شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

## دەسلەپتە تەبلىغ

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىپى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋېتىش ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىلاھى شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن، تولۇپ تاشقان ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، جاھالەتتىن كېلىپ چىققان كۇپرى قاراڭغۇلىقىدىن قۇتقۇزۇشتۇر.ئاللاھقا ئىشەنگۈچى مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشىغا تۇسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق ئامىلنى يوقىتىشتىن ئىبارەت خالاس. شۇڭا بۇ دىن دەسلەپتە كىشىلەرگە ئىسلامىيەتنىڭ قانداق دىن ئىكەنلىكى، دۇنيا قارىشىنىڭ نېمە-نىملەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، ئەگەشكۈچىلىرىدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كونكىرت مەلۇمات بىرىش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئەقلى پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى بۇيرىيدۇ. بۇنى ئورۇندىماي تۇرۇپ ھوجۇم قىلىشنى چەكلەيدۇ. ئىسلام مۇجاھىدلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى تونۇتۇش، ئىختىيارى ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىش. بۇ يوسۇندا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا بۇ نىمە دىگەن ياخشى بولغىنى، مۇبادا ئەكسىچە بولسا، ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ

ھىمايىسىگە كىرىشى يولى بىلەن زىممى نامىدا گىراژدان بولۇشقا چاقىرىلىدۇ، ياكى ھېچبولمىغاندا ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە چىقىلمايدىغانغا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىدۇ . بۇ ھەقتە ئىسلام قانۇنشۇناس ( فۇقەھا)لىرى بىردەك پىكىردىدۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەينى دەۋىردە ئەتراپقا ئەۋەتكەن قوشۇن رەئىسلىرىگە تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى:دۈشمىنىڭلار بولغان مۇشرىكلارغا يىتىپ بارغىنىڭلاردا ئۈچ ئىشتىن بىرنى تەلەپ قىل! قايسى بىرىگە ماقۇل كەلسە قوبۇل قىل، ئۇرۇشما! ئەۋۋەل ئىسلامغا دەۋەت قىل، بۇنى قوبۇل قىلسا نىمە دېگەن ياخشى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا جىزيە (پۇقرالىق باج) تاپشۇرۇشقا چاقىرىق قىل! بۇنى قوبۇل قىلسا سەنمۇ ماقۇل بول، ئۇلارغا چېقىلما. مۇبادا ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمىسا ئاللاھنىڭ نۇسرىتىنى تىلىگەن ھالدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىل! [مۇسلىم- ئىمام نەۋەۋى شەرھى]

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇماندانلىرىغا بۇ پىرىنسىپنى تەلىم بېرىش بىلەن بىرگە قاتتىق جېكلەيتتى ۋە مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلاتتى: بىز ئۇلار بىلەن پەقەت دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز. ئۇلارنىڭ بىزنى پەقەت ئۈستۈنلىككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىشى مۇمكىن، شۇڭا ئەسلى غايىمىزنى بىلدۈرمەي تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىنمىسۇن!

بۇ ھەقتە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ كۆز قارىشى مۇنداق:

ئىمام ماۋەردى ئېيتىدۇ: ئىسلامنىڭ دەۋىتى ئۇلاشمىغانلارغا قارشى تۇيۇقسىز ئۇرۇش باشلاش ھارامدۇر. ئۇلارغا دەسلەپتە ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇش، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلىماتلىرىدىن سۆز قىلىش ۋە ئىسلامغا ئىنتىلدۈرىدىغان كۈچلۈك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

ئىبنى ھومام مۇنداق دەيدۇ: ئۇ (كاپىرلارنى) ئىسلامغا چاقىرىق قىلماي تۇرۇپ ھوجۇم قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش باشلاتقانلىقىمىزدىن ۋە ئۇششاق بالىلىرىنى غەنىمەت سۈپىتىدە قولغا

چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇشقانلىقىمىزنى گۇمان قىلىپ قالىدۇ. شۇڭا تەبلىغ قىلىش شەرتتۇر.
ھەتتا بەزى ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى شۇ قاراشقا ئىگە: ئىسلامى ئۇرۇش قۇماندانى كاپىرلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىق قىلماي تۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇش باشلىسا ۋە پولاتتەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىسلامنى تونۇشتۇرماي تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرسە دىيەت تۆلىشى كىرەك.
بەزىلەر دىيەتنى خۇددى مۇسۇلمان بىركىشىنىڭ دىيىتى مىقدارىدا دىيەت تۆلەيدۇ دىسە، يەنە بەزى پىقىھشۇناسلار مەقتۇلنىڭ خەلق ئىچىدە يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن قان بەدىلى ئۆلچىمىدە دىيەت (خۇن ھەققى)تۆلەيدۇ دەيدۇ. دىمەك ئىسلام دىنى دۇنياغا تىنچلىق، ئامانلىق ئېلىپ كىلىدىغان دىن بولۇپ، قارىسىغا كىشىلەرنى ئۆلتۈرىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ مەلۇم پىرىنسىپلىرى بار. شۇڭا ھەر بىر مۇجاھىد، ھەر بىر ئىسلامى جەڭچى بۇ نوقتىغا قاتتىق دىققەت قىلىشى لازىم. ئىسلام دىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، ياشىتىش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھى دۇنيا قاراش ۋە ساماۋى قانۇن-تۈزۈمدۇر.

بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىسلامى كۆرەشنىڭ جىھاد پىرىنسىپىنىمۇ ئىسلامى ئۆلچەمدە تونۇپ، ھىسياتىمىزغا بىرىلمەسلىكىمىزگە توغرا كىلىدۇ. ئۇنداقتا ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق يەردە غەيرى مۇسۇلمان بىرسىنى ئۇچراتقىنىمىزدا ئۇنى جىنىدىن جۇدا قىلىش، ھەرگىزمۇ ئالالاھ يولىدا بولغان بولمايدۇ.ئەكسىچە بىگۇناھ ئىنسانىنى ئۆلتۈرگەنلىكتىن ئىبارەك ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. ئالالاھنىڭ يولى ئۆلتۈرۈش ئەمەس،ياشىتىشتۇر.
ئەسىرلەردىن بۇيان خىرىستىيان راھىپلىرىنىڭ سەلبى تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە غەرىپ دۇنياسىدىكى ئاممىۋى خەلق ئىسلام دىنىنى شۇنچىۋالا خاتا بىلىدۇكى، مۇسۇلمان دىيىلسە قولىدا قىلىچ كۆتۈرگەن،ئىچكى دۇنياسى نەپرەت بىلەن توشقان، كۆزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان، چىرايى، پۇرسەت تاپسىلا «ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ نەرە تارتىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى غەيرى مۇسۇلماننى چېپىپ تاشلايدىغان» ۋەھشى بىر مەخلۇق دەپ

تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ئاڭ كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. سەۋەبى- غەربىي دۇنياسىدىكى تەشۋىقات ئورگانلىرى، نەشرىياتلار، رادىيو-تېلېۋىزۇر، گېزىت، ژۇرناللار ھەممىسى بىردەك ئىسلام دىنىنى ئەنە شۇنداق خۇنۇك تەسۋىرلەپ،قورقۇنچلۇق شەكىلدە تونۇشتۇرۇپ كەلگەن ۋە ھازىرمۇ شۇنداق تونۇشتۇرماقتا.ئاز ساندىكىلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا كۆندىلىك مېدىيالاردا ئېلان قىلىنىدىغان مۇسۇلمانلار ھەققىدىكى خەۋەر ۋە ئوبرازلار كىشىنى خۇرسەن قىلمايدىغان سەلبى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىدۇ. بىز تېخىچە سۈت ئۇيقۇدا ئۇخلاپ، موھىم ۋاقىتلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزنىڭ ئەيىپىنى ئېچىشنىڭ كويىدا ئىسراپ قىلماقتىمىز. بۇندىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن بىر-بىرى بىلەن ئىتتەك تالىشىدىغان غەربىي دۇنياسىدىكى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىككى چوڭ مەزھىپى كاتولىك ۋە پروتەستان ۋە يەھۇدىيلار بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىغا قارشى بىر سەپتە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خىرىستىيان مىسسىئونېرلىرى،ماسونلار،يەھۇدىيلار،ھەر جەھەتتىن ئىش بىرلىكى تۈزۈپ مۇسۇلمانلارنى چاڭگىلىغا ئېلىشقا ۋە خاراپلىققا يۈزلەندۈرۈش كويىدا قولىدىن كېلىدىغانلىكى ھەممە يامانلىقنى سادىر قىلماقتا. ئىش ئۇنداق ئىكەن بىر ئاز بېشىمىزنى سىلكىۋېتىپ ئەتراپقا قارايلى. ھېچ بولمىغاندا غەيرى مۇسۇلمانلار بىزگە قاراپ ئىسلامدىن نەپرەتلەنمىسۇن. ئىسلامنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىمەيلى. ئىمكانىيىتىمىزنىڭ ئۆلچىمى دائىرىسى ئىچىدە بۇ دىنىمىزنى باشقىلارغا ساپ ھالدا تونۇشتۇرايلى. بىز ئىسلامنىڭ ئىگىسى بىز ئەمەس ،پەقەتلا ئىسلامغا تەۋە بولۇشقا تىرىشىۋاتقان مۇسۇلمانلاردۇرمىز.ئىسلامنىڭ ئىگىسى بولسا كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھتۇر. بىز ئىسلامنى ئەمەس، ئۆزىمىزنى ئوڭشىساقلا بولدى. باشقا غەرەزلەر ئارقىسىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئاللاھنىڭ نامىنى بۇلغىماسلىقىمىز،دۇنيا خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن نەپرەتلەندۈرمەسلىكىمىز مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

# ئۇرۇش جەريانىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھارام

ئۇرۇشتا پەقەت ئۇرۇشقا قاتناشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش سىپىگە كىرمىگەنلەرگە چېقىلىش توغرا ئەمەس. ئاياللار، ئۇششاق بالىلار، كىسەللەر، مېيىپلەر، قېرىلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. پەقەت يۇقارقىلاردىن كىمدە-كىم مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىراق جەڭدىن ئارقىغا چېكىنىپ قاچسا يەنە ئۇششاق بالىلار ۋە ئاياللار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە خۇلەپائۇرراشىدىنلار دەۋرىدە ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن قوماندانلارغا بۇ ھەقتە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلەتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: قېرى چاللارنى، كىچىك بالىلارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار! ھەددىدىن ئاشماڭلار!

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندان يەزىد بىن ئەبۇ سوفيانغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلغان ئىدى: سەن ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئاتاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بەزى كىشىلەرنى ئۇچرىتىسەن، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويىۋەتكىن. ساڭا ئون تۈرلۈك ئىشنى جېكىلەيمەن: ئاياللارنى، ئۇششاق بالىلارنى ۋە قېرى چاللارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن! مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمىگىن، ئۆيلەرنى چاقمىغىن، قوي ۋە تۆگىلەرنى يەۋېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرمىگىن، خورمىزارلىق باغلارغا چېقىلمىغىن، غەنىمەتلەرنىچكىنتىكىڭگە سېلىۋالمىغىن، قورقۇنچاقلىق قىلمىغىن!

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەرگە قوشۇن ئەۋەتكەندە مۇنداق دەپ جېكىلەيتتى: ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار! ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىسلەر، ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلماڭلار، غەنىمەت ئېلىنغان ماللارنى ئۆزەڭلارچە

ئېلىۋالماڭلار، ئېغىز، بۇرۇن، ۋە باشقا ئەزالارنى كېسىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، سەبى بالىلارنى ۋە راھىبلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! [مۇسلىم. جىھاد]
بۇ ھەقتە يەنە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنى ئۇچرىتىمىز، بىراق يۇقارقىرار بىلەن كۇپايىلىنىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.
يۇقاردىكى ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئۇرۇش پەقەت جەڭ رايۇنىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنداقتا بىزنىڭ قارشى ئوبىكتىمىز جەڭگە قاتناشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارغا ھەرخىل رەۋىشتە سىرىتتىن ياردەم بەرگۈچىلەر ۋە باشقۇرغۇچىلاردۇر، ياكى بىزگە قارشى ئۇرۇشقا كوللىكتىپنى قۇتراتقۇچىلاردۇر. ئىسلام دىنىدىكى ئۇرۇشنىڭ غايىسى ئىسلامغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنى يوقۇتۇش، بۇ دىنىنىڭ كەڭتاشا، ئەركىن ھالدا يېيىلىشى ۋە خالىغان كىشلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشنى ياكى مۇسۇلمانچە ياششنى چەكلىگەن، توسالغۇلۇق قىلغان ياكى يەر يۈزىنىڭ قەيىرىدە بولمىسۇن ئاجىزلارنى ۋە كۈچسىزلەرنى بۆزەك قىلغان، ناھەت رەۋىشتەيەر - زىمىننى بېسىۋالغان مۇستەبىتلارنى زۇلۇمدىن توختۇتۇش ئۈچۈندۇر. بۇ ئۇرۇشلار زۇلۇمنى يوقۇتۇش ۋە ئادالەتنى تىكلەشنى مەقسەد قىلىدۇ. شۇڭا بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش، ئۆي ئىمارەتلەرنى يىقتىش،باغۇ - بۇستانلىقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ئېكولوگىيىنى بۇلغاش قاتتىق گۇناھتۇر. لېكىن بۇ يەرلەرگە كاپىر دۈشمەن ئەسكەرلىرى يوشۇرۇنۇپ ئىستىھكام قۇرغان ۋە پاناھلانغان بولسا ۋاقتى كەلگەندە دەل-دەرەخ بولسۇن، باغ ۋە زىرائەت بولسۇن نىمە بولىشغا قارىماي بۇزۇلسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ۋەزىيەتتە سەقىپ قەبىلىسىنىڭ خورما باغچىسغا ئوت قويغان ئىدى.

## ئەسىرلەرگە مۇئامىلە ئۇسۇلى

ئۇرۇش بولىدىكەن ئەسىر ئېلىش ۋە ئەسىرگە ئېلىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇرۇشتا ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىسلام دىنى، قولغا

چۈشۈرۈلگەن ئەسرلەرگىمۇ ئىنسانى مۇئامىلە قىلىشنى، ئىسلامى ئەخلاق ئۆلچىمىدە ئىش ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇڭا تارىختا نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەر ئۆزلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرىمىز. قۇرئان-كەرىم ئەسىرلەر ھەققىدە ۋەزىيەت ۋە شەرت-شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە تۆنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەتنى ئوقۇپ باقايلى: ھېچبىر پەيغەمبەرگە زېمىندا ئېغىر بېسىپ (يەنى مۇشرىكلىقىنىڭ ھەيۋىسىنى يوقۇتۇپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ) ئەسىرلەردىن فىديە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆئمىنلەر!) سىلەر فىديە ئېلىش بىلەن دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. [ئەنفال. 67]

يۇقارىدىكى ئايەت مۇنۇ سەۋەپتىن نازىل بولغان ئىدى. بەدىر ئۇرىشىدا مۇسۇلمانلار كاپىرلار تەرىپىدىن 70 كىشىنى ئەسىرگە ئالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالدى-دە، ئىككى خىل پىكىر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەسىرلەرنى فىديە (مەلۇم پۇل-مال بەدىلىگە قويىۋېتىش) ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش، يەنە بىرى ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فىديە يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا مايىل ئىدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قاراپ مەلۇم ئۆلچەمدە پۇل ئېلىپ قويىۋېتىلەتتى. ئەنە شۇ چاغدا يۇقارىدىكى ئايەت نازىل بولغانلىقى نەقىل قىلىنغان. ئايەتتە كاپىرلارنىڭ ھەيۋىسىنى، مۇغەمبەرلىكىنى باستۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك موھىتتا ئىرىشمىگۈچە ئۇلاردىن پۇل ئېلىپ ئەسىرلەرنى قويىۋېتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

ئايەتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى: ئەنە شۇنداق بەدىر ئۇرىشى مەزگىلىدىكىدەك مۇسۇلمانلار تېخى ھەر جەھەتتىن يېمىرىلمەس، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى نوقتىدىن بۈيۈك قۇدرەتكە ئىگە بولمىغان ۋەزىيەتتە ئەسىرلەرنى قويىۋېتىشتىن ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈش مەقسەد قىلىنغان. چۈنكى بۇنداق ۋەزىيەتتە ئەسرلەر قويۇپ بېرىلسە يەنە دۈشمەنلەرگە قېتىلىپ قارشى تەرەپنى كۈچلەندۈرەتتى. مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ چوڭ بالا بولاتتى.
كىيىنچە ئەسرلەر ھەققىدە يەنە باشقا ئايەت نازىل بولۇپ، يېڭى بەزى ھۆكۈملەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى: سىلەر كۇپپارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ) ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار. تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى) ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەل(مېھنەتلىرى)نى ئاللاھ بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.[مۇھەممەد. 4.]
ئەسرلەر ھەققىدە 3 خىل ھۆكۈم بار:
1. ھېچبىر نەرسە ئالماي قويۇپ بېرىش.
2. فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش. ئۆلۈم ئارقىلىق جازالاش.
3. كاپىرلارنىڭ قولىدىكى مۇسۇلمان ئەسرگە ئالماشتۇرۇش.
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەينى چاغدا دەۋرنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىگە قاراپ، ئوخشىمىغان زامانلاردا يۇقارقى ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلغان ئىدى.
پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر ئەسىرلىرىدىن ئۇقبە بىن ئەبۇمۇئىتنى قويۇپ بېرىلسە مۇسۇلمانلارغا يەنە زىيانكەشلىك قىلىدۇ دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولسا، يەنە بەزى ئەسرلەرنى مۇئەييەن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەن. ئەبۇ ئەززە ئىسىملىك بىر شائىر ئەسىر ئېلىنغان بولۇپ، قولىدا فىدىيە تۆلىگىدەك ئىقتىسادى بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كىيىن مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق، كاپىرلار تەرەپدارى بولۇپ

ھەركەتلەرگە قېتىلماسلىق شەرتى بىلەن ھېچنەرسە ئالماي قويۇپ بىرىلگەنلەردىن بولۇپ، ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلغان «ھەدرائۇلئەسەد»غازىتىدا قايتا ئەسىر ئېلىنغىنىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.
دىمەك مەزكۇر 3 خىل ھۆكۈمنى يۈرگۈزۈشتە ئەمەلى ئەھۋالغا قاراپ ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىراق ئىسلام دىنىنىڭ ئەسىرلەرنى قۇل قىلىش مەسىلىسى شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندا قۇل قىلىش ئىشى يۈرگۈزۈلگەن. ئۇ دەۋردە دۇنيانىڭ ئومۇمي ۋەزىيتى كۆپۈنچە ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى ۋەھشيلەرچە ئۆلتۈرۈش، ياكى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ ئېغىر ئەمگەككە سېلىشتەك ئادەتلەر مەۋجۇد ئىدى.
ئىسلام دىنى «ئامال قىلىپ قويۇۋىتىش» سىياسىتىنى قوللانغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى كاپىرلار كۆپۈنچە ئۆلتۈرىۋىتەتتى ياكى قۇلغا ئايلاندۇراتتى. مۇبادا ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭ ھېچبىرىنى ئېلىپ بارمىسا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولارمىدى؟ تىخى تۇنۇگۇن مۇسۇلمان بولغان ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ھەرخىل نارازىلىقلار چىقماسمىدى؟ كاپىرلار ئەسىر ئالسا قۇل قىلىش، مۇسۇلمان ئەسىر ئالسا قويۇۋىتىش قائىدىسى ئەلۋەتتە ئەقىلگە سىغمايدۇ.
ئىسلام دىنى ئەسىرلەرنى قۇلغا ئايلاندۇرۇشقا بۇيرىمايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان-كەرىم ۋە ھەدىستە ھېچقانداق ئوچۇق ھۆكۈم يوق. ئەسلى مەقسەد پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئىلاھى قانۇن چېگرىسى ئىچىدە ھۆرىيەتكە ئېرىشتۈرۈش، ھېچبىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنساننى ئېزىشىگە خاتىمە بىرىشتەك پىرىنسىپلىرى بولغان ئىسلام دىنى قۇللۇققا تەرغىپ قىلمايدۇ ۋە ئۈممەتنى بۇنىڭغا بۇيرىمايدۇ.
ئىسلام دىنى قۇللۇق تۈزۈمنى بىر يولى ئەمەلدىن قالدۇرماي، تەدرىجى ھالدا يوقۇتۇش كۆزلىگەچكە زىھار قىلىش، قەسەمدە تۇرالماسلىق، بىخەستەلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ كاپارىتىنى (گۇناھتىن يۇيىلىشىنى) قۇل ئازاد قىلىشقا باغلاش ئارقىلىق، قۇللۇق تۈزۈمنى يوقۇتۇشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. قۇللۇق تۈزۈمنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەرگىزمۇ ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس

ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆر ئىنسانىنى قۇلغا ئايلاندۇرۇشنى ئىتايىن ئېغىر گۇناھ دەپ ئىلان قىلىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدا قۇل مەۋجۇد بولغان تەقدىردە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە مۇنداق دىدى: ئۇلار «قۇللار» غا قۇلۇم، چۆرەم دىمەڭلار، بەلكى ئوغلۇم، قىزىم دەڭلار! [بۇخارى]
ئۇلارنى سىلەر يىگەن نەرسىلەردىن يىگۈزىڭلار، سىلەر كەيگەن كىيىمدىن كەيدۈرۈڭلار! [بۇخارى]
مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسلام دىنى قۇللۇق تۈزۈمىنى تەدرىجى ھالدا تۈگىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئىنسانى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

## ئىرقچىلىق

ئىرقۋازلىق،ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپۇلاتاتسىيەلەرگە تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. تارىختىكى تاجاۋۇز، قەتلىئام، سۈرگۈن ۋە نۇرغۇن ئۇرۇشلار كۆپ ھاللاردا بۇ سەۋەپتىن مەيدانغا كەلگەن ۋە مىليۇنلىغان بىگۇناھ خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. ئىنسانىيەتنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى بۇزىدىغان، سەۋەپسىز ھالدا بىر-بىرىنى يامان كۆرۈشكە ئاپىرىدىغان بۇ ئىللەتنى- ئىرىقچىلىق كىسىلىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوچۇق ھالدا خىلمۇ-خىل ئىپادىلەر ئارقىلىق چەكلىگەن ئىدى. جانابى ئاللاھ قۇرئان-كەرىمدە بارلىق ئىنسانلارنىڭ باپ-باراۋەر يارىتىلغانلىقى، ئەسلى كىلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى، پەقەت بۇلارنىڭ ئىچىدىدىن ئەڭ ئاڭلىق، ئەڭ تەقۋالىرى ئەڭ ئۈستۈن ھىساپلىنىدىغانلىقى، ئەكسىچە بىر قەۋمنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ بىر-بىرىگە تەقۋالىقتىن باشقا ھەرقانداق ئامىل بىلەن ئۈستۈن بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ئېنىقلىما بەرگەن: « ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق) ئۆز-ئارا تونۇششىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق - جەمەتلەر قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدا ئەڭ ئەتىۋار ھېساپلىنىسلەر. (يەنى كىشلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. [ھوجۇرات. 13]
يەنە مۇنۇ ئايەت مۆئمىنلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر. (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار!مېھىر-شەپقەتكە سازاۋەر بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار![ھوجۇرات. 10]
شۇنداقلا قۇرئان-كەرىمدە ئىرىقچىلىقنى چەكلىگەن ئايەتلەردىن بىرى سۈپىتىدە بۇ ئايەتنى مۇلاھىزە قىلايلى! «ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار) تاپقان مۇل ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كىتىپ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار) ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككە فەتھى قىلىنىش ئەمرى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ. [تەۋبە. 74]
ئىككىنچى ئايەتتە، ھەرقانداق يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە قانداقلا بىراۋ بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسىدىن ئىبارەت مۆئمىنلىك ۋە ئىمانى قېرىنداشلىقنىڭ ئالدىدا قويغىلى بولمايدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ھەممە ئىنسانلارنىڭ قەدىر-قىممىتى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋە پەيغەمبەر مۇھەببىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن.
قۇرئان-كەرىم نەسەپ ۋە مىللەت رىشتىسىدىن بەكرەك ئىمان ئالاقىسىنىڭ موھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. جۈملىدىن «ئۆتمۈشتىكى توپان بالاسى» ئەسناسىدا ئاتىسى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى ئىنكار قىلىپ

كىمگە چىقىشتىن باش تارتقان ئوغلى ھەققىدىكى قىسسە بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ. نوھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مىنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى. (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ) سىنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر. دىگەن ھالدا ئوغلىنىڭ قۇتۇلۇشىنى تىلىگەندە، جانابى ئاللاھ: «ئى نوھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس. ئۇنىڭ قىلمىشى ياماندۇر»دىيىش ئارقىلىق ئىمان ئېيتمىغان ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقا ھەتتا ئاتا-ئانا، قەۋم-قېرىنداشلارنىڭمۇ ئىمانى بولمىغان تەقدىردە ھېچقانداق قەدىر-قىممىتى يوقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدى.
مىللەت-ئىرق سۆزى ئەسلىدە بىئولوگىيەلىك ئاتالغۇ بولۇپ، جانلىقلارنىڭ فىزولوگىيەلىك ئوخشاشلىقىدىن، پەرقلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن كەلىمىدۇر. ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئۆزگىچە پەرقلىق تەن قۇرۇلۇشى ۋە رەڭگارەڭلىكى ھېچقانداق بىر كىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، پەقەتلا ئاللاھقا ئائىت بولغان بىر مۆجىزىۋى ئىشتۇر.
ئەپسۇسكى ئىنسانلار ئىرادىسىدىن تاشقىرى شەكىللىنىدىغان ئىرىق، مىللەت، خىش-ئەقرىبالىق ئالاقە ئاللاھنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە بىر-بىرىنى تونۇپ، سىلە-رەھىمگە تۈرتكە بولىدىغان ئىجابى تەرىپى ئەمەلىيلىشىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز ئىرقى، مىللىتى ۋە خىش-ئەقرىبالىرىدىن بولمىغانلارنى چەتكە قاقىدىغان،ناھەقچىلىك قىلىدىغان، تۆۋەن كۆرىدىغان، ھەتتا ئۆزلۈكسىز نەپرەتلىك قارايدىغان سەلبى رەۋىشتىكى ناتوغرا ھەركەتلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىسمى ئىرقۋازلىق-مىلىتارىزىم، «فاشىزىم» دەپ ئاتالدى.شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى،ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتكە،جەمەتكە مۇھەببەت بىلەن قاراش،تونۇشۇش ئايەتتە ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.
ئىرقۋازلىق-مىلىتارىزم مەسىلىسى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 14- ۋە 15 – ئەسىرلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە قارىتا بىر خىل مەنپى رەۋىشتىكى تەبىقىۋازلىق ۋە سىنىپى كۆرەشكە باشلانغۇچ رول ئوينىدى.

ئىرقۋازلىق دېگىنىمىز: ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىرقىنى باشقا ئىرق ۋە مىللەتلەردىن تۇغما ھالەتتە ئۈستۈن كۆرۈش، ھەق-ناھەق مەسىلىسىدىمۇ قارىغۇلارچە قەۋمى تەرەپكە يان بېسىش، ئۆز ئىرقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر.
ئەينى دەۋردىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئىلغان مىللەت سەۋىيەسىدىكى ۋىزانتىيە مىللىتىگە مەنسۇپ مەشھۇر پەيلاسوپ ئەپلاتۇننىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇ دەۋرنىڭ ئىرىقچىلىق ئىدىئولوگىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: يۇنان (گىرىك) مىللىتىدىن بولمىغانلار تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسانلاردۇر. ئۇلار ئۈچۈن يۇنانلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىش ئەڭ شەرەپتۇر. [رەھبەر ئانىسكىلوپىدىيىسى، تۈركىيە گېزىتى]
ئىرقۋازلىق مەپكۇرىسى ھەر دەۋردە دەھشەتلىك سىنىپى زىددىيەت ۋە رەھىمسىزلەرچە زۇلۇمغا سەۋەپ بولدى. مەسىلەن: يېقىن تارىختا گېتلىر، موسولىن، ستالىن، ماۋزىدۇڭ قاتارلىقلار بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىلىرىدۇر. بۇ زالىملارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئىرقىنى دەپ مىليۇنلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قېنىنى ئىچتى، قەتلىئام يۈرگۈزدى ۋە ھەرخىل ئېچىنىشلىق ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ باشقا مىللەتلەرگە قولىدىن كېلىدىغانلىكى زۇلۇمنى قىلدى ۋە يېقىن تارىختىكى بۇرژۇئا فاشىزىمىنىڭ ۋەكىللىك جىنايەتچىلىرى بولۇپ باھالاندى.كۈنىمىزدە خىتاي دۆلىتىنىڭ يېڭى تەختىگە ئولتۇرغان كاتتىۋېشى شىجىنفىڭنىڭ خەن مىللىتىنى باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن كۆرۈپ ئۇيغۇر،تىبەت ۋە موڭغۇللارنىڭ مىللى كىملىكىگە قارشى يوقۇرى بېسىملىق ئىرقۋازلىق ۋە ئاسىمىلاتسىيەسىياسىتى يۈرگۈزۈشى ئىرقۋازلىق بولماي نېمە؟
ئىسلام دىنى قىممەت قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئى تۇپراق بولۇپ، ئانىسى ھاۋا، ئاتىسى ئادەم دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىدا، ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئاگاھلاندۇرۇلۇش يۈزىسىدىن «توپان»بالاسى يۈز بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا نوھ ئەلەيھىسسالام ئۈچ ئوغلى ۋە ئازغىنە مۆئمىنلەر بىلەن كېمىگە چىقىپ ساق قالغان. باشقا ئىنسانلار سۇدا غەرق بولغان. نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان

ئېيتىپ ساق قالغان ئۈچ ئوغلى هام، سام ۋە ياپەسلەردىن دۇنيادىكى ئىنسانلار كۆپىيىپ تەدرىجى مىللەت شەكىللەنگەن. هامدىن ئىندىئان، هەبەش ۋە ئاپىرىقىلىقلار، سامدىن ئەرەپ، پارىس ۋە رۇملار، ياپەستىن تۈركلەر ۋە باشقا ئاسىيالىقلار مەيدانغا كەلگەن ۋە بۇلارمۇ ئايرىم - ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە شەكىللەنگەن. ئۇزۇن تارىخى مۇساپىلەر جەريانىدا ئىنسانلار قەبىلىلەر،ئايماقلار،جەمەتلەر سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەن.
هەرقانداق ئىنسان مەلۇم بىر مىللەتكە، مۇئەييەن بىر جەمئىيەتكە تەۋە بولۇپ توغۇلىدۇ. كىشىنىڭ مۇسۇلمان پېتىرىتى بويىچە ياشىشى باشقا دىنغا كىرىشى، ياخشى ياكى يامان بولىشى ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق ئىش بولۇپ دۇنيادىكى ئاللاهقا بولغان ئىمان - ئېتىقادى ۋە ئىش هەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ.ئەمما ئۇنىڭ بىرەر مىللەتكە، بىرەر جەمەتكە مەنسۇپ بولىشى، ياراتقۇچى ئاللاهنىڭ ئىلكىدىكى بىر ئىشتۇر. ئاللاه خالىسا ئۇيغۇر قىلىپ ياراتقىنىدەك، خالىسا ئىنگلىز مىللىتىدىن قىلىپ يارىتىدۇ، لېكىن بۇ هېچقانداق بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىختىيارى بىر ئىش ئەمەس. ئاللاه بىرىنى ئاق، بىرىنى قارامتۇل، يەنە بىرىنى بۇغداي ئۆڭلۈك، بىرىنى ئەركەك، بىرىنى ئايال، بىرىنى ئېگىز، بىرىنى پاكار، بىرىنى سېمىز، يەنە بىرىنى ئورۇق ياراتسا، بىرىنى گاس، يەنە بىرىنى كور هەرخىل يوسۇندا ئۆزى خالىغىنى بويىچە دۇنياغا كەلتۈرىدۇ. بۇ تاامامەن جانابى ئاللاهنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى بىرئىش . شۇڭا هېچكىمنىڭ ئۆز ئىرادىسى سىرتىدا مەيدانغا كەلگەن بىر ئىشتىن مەغرۇرلۇنۇش، يەنە بىر مىللەت ياكى جەمەتنى پەس كۆرۈش هەققى يوق.
ئىرقۋازلىق ئىسلامىيەتتە قاتتىق چەكلەنگەن،مەسىلەن: ساهابىلەرغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مىللەتتىن بولىشىغا قارىماي پەيغەمبىرىمىزنىڭ هوزۇرىدا باپ-باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. ئەبۇ بەكرى سىددىق ئەرەب، بىلال رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئېتىئوپىيىلىك هەبەش، هەزرىتى سۆهەيب گىرىك، هەزرىتى سەلمان پارىس ئىدى. بۇلارنىڭ باشقا-باشقا مىللەتتىن بولىشى ئەينى دەۋردىكى ساهابىلەر توپىنى باپ-باراۋەرلىك، ئوخشۇۋەت، قېرىنداشلىق پىرىنسىپىدىن مەهرۇم قىلمىغان. هەبەشىستانلىق ساهابە بىلال هەبەشى مۇسۇلمانلارنىڭ

مۇئەززىنى بولالىدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلافىتى دەۋرىدە) ئىرانغا قارشى ئەۋەتىلگەن ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ قۇماندانلىقىغا سايلاندى ۋە پارىسلارغا ئانا تىلىدا خىتاب قىلىپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ باياناتچىسى بولدى، كېيىنچە يەنە مەدائىن شەھرىنىڭ ۋالىيلىقىغا سايلاندى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزى ۋە ھەركىتى ئارقىلىق ،ئىرقۋازلىقنى،يۇرتۋازلىقنى قاتتىق چەكلىگەن ئىدى. بەزىدە جاھىلىييە تەئەسسۇبىيىتى ئىبارىسىنى قوللانسا بەزىدە ئەسەبىيەت دەۋاسى ئىبارىسىنى قوللۇنۇپ، بۇ خىل خاھىشقا قاتتىق قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەسەبىيەت (ئىرقۋازلىق) قىلغان، ئۇنى تارقىتىشقا ئۈندىگەن، بۇ يولدا كۆرەش قىلغان بىزدىن ئەمەس. [ئەبۇ داۋۇد]

كىم جاھىلىيەت دەۋاسىدا بولىدىكەن جەھەننەمگە ئىككى تىزىغىچىلىك كىرىدۇ. (ساھابىلار) سورىدى: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! گەرچە روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقىسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ: ھەئە- روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇغان تەقدىردىمۇ... [ھاكىم. مۇستەدرەك]

يەنە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ساھابىلار بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن سۆزلىگەن ھەججەتۇلۋىدا نۇتقىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:«ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر، ئاتا-ئاناڭلارمۇ بىردۇر. ھەممىڭلار ئادەمنىڭ ئەۋلادى سىلەر. ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلدى. ئەرەبنىڭ باشقا مىللەتكە ۋە باشقا مىللەتنىڭ ئەرەبكە ھېچقانداق ئۈستۈنلىكى بولمىغىنىدەك، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە ھەمدە قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىككە ئۈستۈنلىكى يوقتۇر. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۈستۈن بولغۇچىلار ئۇنىڭدىن ئەڭ كۆپ قورققانلاردۇر-ئەڭ ئاڭلىق بولغانلاردۇر.

# ئۆز ئىرقى ۋە مىللىتىنى سۆيۈش

ئىسلام دىنى ئىرقچىلىقنى چەكلىگەن، لېكىن كىشىنىڭ ئۆز ئىرقىنى، مىللىتىنى،ئۇرۇق-جەمەتىنى،يۇرتىنى سۆيىشىدىن چەكلىگىنى يوق. ئۆز ئىرقىنى، مىللىتىنى ۋەئۇرۇق - جەمەتىنى سۆيۈش ئىنسانلاردىكى تەبئى خاراكتېر بولۇش بىلەن بىرگە، دىنىمىز سىلە-رەھىمگە بۇيرۇش ئارقىلىق ھەرقانداق ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمنىڭ ئەۋۋەل يېقارقىلاردىن باشلىنىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ. ھەتتا ئىرقچىلىقنى چەكلىگەن ئايەت-كەرىمنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىرق، مىللەت ۋە جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق- جەمەت قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار/ئاڭلىق بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئەتىۋار ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[1] .«ئۆز-ئارا تونۇششىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق-جەمەت قىلدۇق» جۈملىسى بىلەن بىر-بىرىنى تونۇش، سىلە-رەھىم قىلىش، ياخشى كۆرۈشتەك ئىجابى تەرەپنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆز ئىرقىنى ۋە مىللىتىنى سۆيۈش سىلە- رەھىمگە ئاپىرىدىغان كۆۋرۈك بولۇش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ساۋاپلىق ئىش دىيىشكە بولىدۇ.

يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: رىزىقنىڭ مول بولىشى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشىنى خالىغانلار سىلە-

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13.ئايەت

رەھىم قىلسۇن. [بۇخارى، ئەدەپ. مۇسلىم] سىلە – رەھىم دېگەندە ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ھالى ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش نەزەردە تۇتۇلغان.
ئەجدادلارنى ئەسلەش ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش ھەممە ئىنسانى بۇرچتۇر. ئىسلام دىنى بۇ مەنادا مىللىتى ۋە ئەجدادىنى سۆيۈشنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەيدۇ. مىللىتىگە ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرىيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن قەۋمىيەت ۋە ئىرقچىلىق قارغۇلارچە تەرەپبازلىق قىلىش، ناھەق بولسىمۇ ئۆز قەۋمىگە يان بېسىپ باشقا قەۋمگە زۇلۇم قىلىشتۇر.
ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق دەپ سورىدى: كىشىنىڭ قەۋمىنى (مىللىتىنى) سۆيىشى ئىرقچىلىق ھىساپلىنامدۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى سەۋەللەم: ياق، ئىرىقچىلىق- كىشىنىڭ قەۋمى (مىللىتى) گە زۇلۇمدا ياردەم قىلىشىدۇر- دېدى.
ئۇنداقتا مىللىتىگە ئادالەتتە، ھەققانىيەتتە يار-يۆلەك بولۇش، زالىملار ۋە مۇستەبىتلارنىڭ ئىزىشىدىن مۇداپىئە قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئەقەللى بۇرچىدۇر، ھەتتا چوڭ ساۋاپتۇر. ئەمما ھەرقانداق شارائىتتا مىللى قېرىنداشلىقنى دىنى قېرىنداشلىقنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشكە، مىللى مەنپەئەتنى دەپ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى رەت قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ.
ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل،ئۇنۋېرسال دىن، ئۇ مەلۇم بىر مىللەت ياكى مۇئەييەن بىر رايۇن خەلقىنىڭ دىنى ئەمەس. بۇ دىنىنىڭ ئوبېكتى كىشىلەرنى يەككە – يىگانە ئاللاھقىلا قۇل بولۇپ بارچە ئىنسانلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشقا تەرغىپ قىلىشنى ئاساس قىلغان.
غايىسى ئىنسانلارنى ئەرەپلەشتۇرۇش ئەمەس،بەلكى ئاللاھقا باش ئېگىشكە چاقىرىش بولغان بۇ دىن ھەرقانداق ئىرقنىڭ مىللى ئۆرپ-ئادىتىگە، تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ دىن ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلا تىلدا سۆزلىشىگە ياكى مۇئەييەن بىر خىل يۇرۇش-تۇرۇش ئادىتىگە مەجبۇرلىمايدۇ. بۇ ھەقتە نېمىنىڭ ئىلاھى بۇيرۇق، نېمىنىڭ ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىماستىن قارغۇلارچە

پەيغەمبىرىمىزنى تەقلىت قىلىش ئۈنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئەمەس،دورامچىلىق قىلىشتۇر.

## ئىسلام دىنى بەزىلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك قىلىچ كۈچىگە تايىنىپ تارالمىغان

«ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش» دېگەن ھامان بەزى ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ شانلىق دىنىنىڭ قىلىچ كۈچىگە تايىنىپ كېڭەيگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تەرەپلىمىلىك خاتا قاراشتۇر.تارىختا شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولغانلىقى قىسمەن ھادىسىلەردىنلا ئىبارەت دېسەك چىنلىقى سادىق بولغان بولىمىز. زوراۋانلىق بىلەن ئىسلامنى تارقىتىش ئىسلام دىنىغا زىت قىلمىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەم قۇرئان-كەرىمدە ھەمدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋسىيە- ئىش ھەركەتلىرىدە ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلاش قاتتىق چەكلەنگەن. قۇرئان-كەرىمدە مۇنداق بىر ئايەتنى ئۇچرىتىمىز. «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكىمۇ،چىقىشقىمۇ) زورلاش يوقتۇر. [بەقەرە 256]
قۇرئان-كەرىم كاپىرلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا بۇيرۇق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كۆرەشنىڭ چەك-چېگرالىرىنى، كۆرەش ئوبيېكتىنى ئېنىق ئايرىپ بەرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: « تاكى بىسىم تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. [بەقەرە. 193]
بۇ ئايەتتە جىھاد قىلىشتىكى ئاداققى نىشانىنىڭ زىيانكەشلىك، بوزغۇنچىلىق تۈگەپ ئاللاھنىڭ دىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھۆر ۋە ئەركىن ھالدا ھېچقانداق بىر گورۇھنىڭ قارشىلىق ۋە بېسىمغا ئۇچرىماي كۆندىلىك تۇرمۇشتا دىنىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى بويىچە ياشىيالايدىغان ھەمدە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي بۇ دىنغا كىرەلەيدىغان

ئادىل موھىت شەكىللەندۈرۈش ئىكەنلىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن قىلىنغان. شۇنداقلا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا «زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ.» دېيىلىدۇ.  بۇنىڭدىنمۇ جىھادنىڭ غايىسى زۇلۇمنى، تەڭسىزلىكنى، ئېزىش-ئېزىلىشنى يوقۇتۇپ، ئورنىغا ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ھەققانىيەتنى ئورنۇتۇش ئىكەنلىكى ئوچۇق چىقىپ تۇرىدۇ.
ئىسلام دىنى پەقەت شەرئى مەھكىمە قارارى بىلەن  ئىككى خىل كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىيدۇ. بىرى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن، يەنە بىرى زېمىندا ناھەق بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئەمما ھېچكىمنى كاپىرلىقى ۋە ئىمانسىزلىقى تۈپەيلى ئۆلتۈرمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىدە پەتھى قىلىنماقچى بولغان رايۇندا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ئارمىيە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشكە چاقىرىدۇ-دە خەلق يېئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللايدۇ: يا مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىدۇ بۇ ئەڭ گۈزەل يول. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا بۇمۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى، بىراق بۇ ۋەزىيەتتە  ئىسلام ھاكىمىيتىگە جىزيە تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.  زىممى نامىدىكى پۇقرالىققا ئۆتىدۇ. ھاكىمىيەت تەرىپىدىن جان ۋە مال ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. مۇبادا بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا ئاندىن ئۇرۇش باشلىنىدۇ .
قاچانكى مۇسۇلمانلار ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسا ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كاپىرلارنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىغا تارىخ گۇۋاھ. خۇددى بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا  ئوسمانيە ئىسلام خىلاپىتى يىمىرىلىپ، كۈچ-قۇدرەت كۇپپارلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن كاپىرلار يەر-يۈزىدە ئەركىن ھالدا زۇلۇمنى يۈرگۈزەلىگىنىدەك، ھوقۇق ئاللاھتىن قورقىدىغان ئىسلام  ئەھلى ئىلكىدە بولمىسا مۇسۇلمانلار بېسىمغا ئۇچرايدۇ.
ئىش ئۇنداق ئىكەن، يەريۈزىنىڭ ھاكىمىيتى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن يەر-يۈزىدە ئادالەت، تىنچلىق ۋە ئاسايىش تۇرمۇش ئەمەلگە ئاشىدۇ.
سۆزۈمنى تۆۋەندىكى بىر ئايەت بىلەن نوقتىلايمەن.  « (كۇپپارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا

ئادىل بولىشڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا يارىدەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ. كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ئۇلار زالىملاردۇر. [مۇمتەھىنە. 8-9 ]

دېمەك مۇسۇلمانلارنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارمىغان، دۆلىتىنى بېسىۋالمىغان كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشنى يوللۇق دەپ قارىغان ئىسلام دىنى، كىشىنىڭ ئىمان ئېتىقادىنلىقى تۈپەيلى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تەشە ببۇس قىلىدۇ. ھېچكىمنى قورال كۆچىگە تايىنىپ ئىسلامغا كىرىشكە زورلىمايدۇ.

## زۇلۇمغا قارشى كۆرەشتە غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بىللە ھەركەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىسلام دىنى ئۇمۇملىششتىن ئىلگىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ئەۋج ئالغىنىدەك، جۇملىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتى مەككىدىمۇ جەمئىيەت قالايمىقان بولۇپ ئوغۇرلۇق، تاجاۋۇزچىلىق، خىيانەت، بۇلاڭچىلىقتەك جىنايى قىلمىشلار ئەۋج ئالغان ئىدى. سىياسى ھوقۇق مۇشتۇمزور، ئاقسۆڭەك ۋە بۇرجۇئا سىنىپىنىڭ قولىدا بولغاچقا كىم كۈچلۈك بولسا شۇ ھەقلىق ھېساپلىناتتى.ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى سۆرۈشۈپ، بىر خۇدالىق ئېتىقادىدىن، ساپ دىندىن ئاللىبۇرۇن ئۇزاقلاشقان، نەسىلدىن-نەسىلگە داۋاملىشىپ كەلگەن كۆپ خۇدالىق شىرىك ئېتىقات كىشىلەرنى مەزكۇر جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشتىن توسالىغۇدەك مەنىۋى كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چەتئەللىك سودىگەرلەر كۆپ ھاللاردا يەرلىك بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچرايتتى. ساتقان ماللىرىنىڭ پۇلىسىنى ئالالمايتتى.

كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن ھاجىلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرى تاجاۋۇزغا ئۇچرايتتى، ھەتتا بۇلاپ ئېلىۋېلىناتتى، بىراق شۇنىڭدەك قىلمىشلارغا قارشى تۇرىدىغانلار ئاساسەن يوق ئىدى.
مەشھۇر پىل ئۇرۇشىنىڭ 20- يىلى يەمەندىن يەزىد قەبىلىسىگە تەۋە بىر كىشى مەككىگە بىر تۈگىلىك مال ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، مەككىلىك ئاس ئىبنى ۋائىلغا ساتىدۇ. لېكىن ئاس ھېلىقى سودىگەرنىڭ پۇلىسنى بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. سودىگەن مەككىدىكى بارلىق قەبىلە رەئىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلغان بولسىمۇ ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ، ھەتتا يانلىرىدىن قوغلايدۇ. ئېلىشنى ئالالمىغان سودىگەر بىر كۈنى قۇبەيس تېغىغا چىقىپ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە ئاھۇ-زارىنى بايان قىلىپ، ئۆتكۈر شېئىرى نوتىقى بىلەن دەرت تۆكىدۇ. دىمىسىمۇ شۇنىڭدەك ھەقسىزلىك ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن ئىدى.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى زۇبەير جىددى ھەركەتكە ئاتلىنىپ ھاشىم، مۇتەللىپ، زوھر، ئەسەد، ھارىس ۋە تەمىيم ئايماقلىرىنىڭ ئىلغار كىشىلىرىنى سەپەرۋەرلىككە چاقىرىدۇ. مەككىنىڭ باي ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىدە مۇزاكىرە يىغىنى ئاچىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىك ۋە جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىشىدۇ. نەتىجىدە «مەككىدە يەرلىك ياكى چەتئەللىك ھېچكىمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرماسلىق، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار زالىملاردىن ھەققىنى ئالغانغا قەدەر ئۇلار غا ھەمدەمدە بولۇش» ھەققىدە قەسەم ئىچىشىدۇ. ۋە «پەزىلەتلىكلەر ئويۇشمىسى»نامىدا ئويۇشما قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاس ئىبنى ۋائىلدىن ھېلىقى سودىگەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىدۇ ۋە ئەينى دەۋىردىكى نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. «پەزىلەتلىكلەر ئويۇشمىسى»غا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ قاتناشقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ۋاقىتتا 20 ياشتا ئىدى. كېيىن جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ پەيغەمبەر بولغان مەزگىلدە ئۆتمۈشتىكى «پەزىلەتلىكلەر ئويۇشمىسى» ھەققىدە مۇنۇلارنى ئېيتقان ئىدى: «ئابدۇللا ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىدىكى قەسەم ئىچىشتە مەنمۇ بار ئىدىم. ئۇ قەسەم ماڭا

قىزىل تۆگىلەرگە ئىگە بولۇشتىنمۇ ياخشىدۇر. مەن يەنە ھازىر ئىسلامىيەت دەۋرىدىمۇ شۇنىڭدەك كىلىشىملەرگە تەكلىپ قىلىنسام ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىمەن.

ئەينى دەۋردىكى پەزىلەتلىكلەر ئويۇشمىسىنىڭ تەسرى ياخشى بولغان بولۇپ زالىملارنىڭ، ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ناتوغرا قىلمىشلىرى چەكلەنگەن، مۇشتۇمزورلارنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئويۇشمىنىڭ غايە پىرىنسىپى ئىسلام ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا تېخى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا رىسالەت ۋەزىپىسى يېتىپ كەلمىگىنى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇمۇملاشمىغان ۋاقىت كەلمىگەن ئىدى. شۇڭا مەزكۇر ئادالەتپەرۋەرلىككە تۈرتكە بولغان بىردىن-بىر ئامىل پەقەت زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئاجىزلارنى قوغداش ئىدى خالاس. ئىش شۇنداق تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن يەنە ھازىر ئىسلامىيەت دەۋرىدىمۇ شۇنىڭدەك كىلىشىملەرگە تەكلىپ قىلىنسام ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىمەن» دېگەن مۇبارەك باياناتى ھەر بىر مۆمىن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك موھىم مەسىلىدۇ.

ئىسلام دىنى پەقەتلا ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلارنىلا تەرغىپ قىلماستىن، شۇنداقلا يەنە ئىجتىمائى ئادالەت تۈزۈمى قاتارلىق تالاي ئەسلىلەرنىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەمەلىيەتنى 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە ئۇدا داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر جەھەتتىن ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. ئۇ مەسجىدتە بىر ئىمام، تەلىم تەربىيە خىزمىتىدە بىر پىداگوگ، ئائىلىدە بىر ئائىلە باشلىقى، دۆلەتتە بىر دۆلەت رەئىسى، ئۇرۇشتا بىر قوماندان، سىياسى سەھنىدە بىر تالانتلىق سىياسىئون، چەتئەللىك دۆلەت رەئىسلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ماھارەتلىك بىر دىپلومات قاتارلىق ھەممە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھى ئەلچى ئىدى. ئۇنىڭ جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئىلاھى كىتاپ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ھايات قوللانمىسى بولۇپ، مەيلى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن ياكى ئېتىقات قىلمىسۇن كۆندىلىك تۇرمۇشىدا

ئەمەلىيلەشتۈرمىگىچىلىك ھوزۇرلۇق ھەقىقى مەنادا بەختىلىك ياشىيالمايدۇ.
ئىسلامنىڭ ئىجتىمائى قەمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولسا،بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنى قانداق دىنغا ئېتىقات قىلىشى، قانداق مىللەتكە تەۋە بولۇشى ياكى قايسى مەملىكەتتىن بولىشىدىن قەتئىنەزەر تەڭسىزلىك، ئېزىش-ئېزىلىش، ناھەقچىلىكتەك بولمىغۇر قىلمىشلاردىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر. بۇ شانلىق دىچاقىقا كىمدە-كىم ئاۋاز قوشسا، ئالقىشلايدۇ ۋە زۇلۇمغا قارشى كۆرەشتە بىرلىكتە ھەركەت قىلىدۇ.
ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. [بەقەرە 193]
كۇپپارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولىشىڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. [سۈرە مۇمتەھىنە. 8]
دېمەك بىزگە (يەنى مۇسۇلمانلارغا) زۇلۇم قىلمىغان، دۆلتىنى بېسىۋېلىپ خەلقىنى قۇل-مالاي، يەرئاستى ۋە يەر ئۈستىبايلىقلىرىنىخالىغانچە تالان-تاراج قىلمىغان، تاجاۋۇزچىلاردىن باشقا ھەرقانداق غەيرى دىندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كۈچ توپلاپ دىنىمىزنى ئەركىن ئازادە ياشىيالايدىغان پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن،ۋەتىنىمىزنى ۋە ھۆرلىكىمىزنى قولىمىزغا كەلتۈرۈش يولىدا بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارساق ئاننىڭ ئاپئاق سۈتىدەك ھالالدۇر. بۇنىڭغا دىنىمىزدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق. ئەجدادلاردىن مىراس قالغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتىمەن:دوستۇڭ ئۈچتۇر، بىرى سىنىڭ دوستۇڭ، ئىككىنچىسى دوستۇڭنىڭ دوستى، ئۈچىنچىسى بولسا دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى.
ئۇنداقتا دۈشمىنىمىزگە كىم دۈشمەن بولسا ئۇ سىياسى مەنادا بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىزدۇر. كىمدە-كىم قايسى دىن ۋە قايسى مىللەتتىن بولىشىدىن قەتئىنەزەر بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقان، دىنىمىزنى ۋە ۋەتىنىمىزنى ئاياق-ئاستى قىلىپ ۋەھشىيلەرچە مۇسۇلمان ھەتتا مۇسۇلمانمۇ ئەمەس غەيرى دىندىكى ھەرقانداق خەلقكە ئېكسپولاتاتسىيە يۈرگۈزىۋاتقان

هاكىمىيەتكە، گورۇھقا قارشى تۇرۇشتا بىز بىلەن بىر سەپتە  بولۇشنى خالىسا قوبۇل قىلىمىز ۋە باش ئۈستىگە دەپ قول ئۇزىتىمىز. غەيرى دىندىكىلەر بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى كۆرەشتە ئىتتىپاق تۈزۈش دېگەنلىك ئۇلارنىڭ يولىغا ياكى دىنىغا كىرىش دىگەنلىك ئەمەس. ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. بىزمۇ ئۆز غايىمىز ئۈچۈن جىهاد قىلىمىز. لېكىن قارشىمىزدىكى دۈشمەن  ئىككىلىمىزنىڭ ئوبيكتىپ يوقۇتۇش نىشانىدۇر. بىرىنچى قەدەم ئىككىمىزنىڭ ئورتاق شۇئارى بولغان ئىكەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كۆرىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەرھۇم بوۋىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن تولىمۇ ئورۇنلۇق قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىن، تۈرك ئىرقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تۈرك دۇنياسىدىن، ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىنسانىيەت ئالىمىدىن ھىسداشلىق كۈتىمىز».

دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت بىلەن ئاداۋىتىمىز يوق. بىزنىڭ بىردىن-بىر ئاداۋىتىمىز ئىسلام دىنىغا ۋە چارىسىزلىق گىرداۋىدا ئىڭراۋاتقان مىللىتىمىزگە ئۇۋال قىلىۋاتقان جاھانگىر، تاجاۋۇزچى، فاشىست ۋە كوممۇنىست خىتاي دىكتاتۇر ھاكىمىيتى. بۇ ئىمپېراتۇرلۇقنى يىقىتماقچى بولغان ھەرقانداق گوروھ ۋە شەخس بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىزدۇر.

---

[i] ئىسلامىيەت ئەسلىدە تاكى تۈنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئىنسانىيەتنى ئاللاھقا چاقىرغان دىنىنىڭ ئۇمۇمى نامى بولسىمۇ بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغىنى  ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولغان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى نەزەردە تۇتۇلغان.

## ئۆزىنى پارتلىتىشنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى

ئۆزىنى پارتلىتىش ئارقىلىق جەننەتنى ئىزدەش ئەڭ چوڭ ئاخمىقانىلىق بولۇشتىن سىرت شۇنداقلا ئېغىر گۇناھ، مەلۇم بىگۇناھ خەلقنى ئوبيېكت قىلغان ھالدىكى ئۆزىنى پارتلىتىش ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى باشقىلارنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىنى يۈكلىۋالغان بولسا، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللەئاللاھ ئامانەت قىلغان ئۆزىنىڭ جېنىنى

ئۆزى قىيىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىق گۇناھىنىمۇ يۈكلىۋالغان بولىدۇ.ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر - بىرىڭلارنىڭ مال-مۈلكىنى (ئالداش،ئوغرىلاش، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە(يەنى نەپ) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تولىمۇ رەھىمدىلدۇر (سۈرە نىسا29.ئايەت ).**


قۇراللىق
قەلەم كۆرىشى ۋە مېدىئا ئۇرۇشى
جىهات
ئىقتىسادى ياردەم
بارلىقىنى بېغىشلاش